
«ئۈچ ماھىر» نىڭ سىرلىق دېلونى پاش قىلىشى
«مۇۋەققەت» ئەرنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى
خەتەرلىك پەيتتىكى پىداكار ساقچى
ئۆلكە ھالقىپ زوراۋانلارنى يوقىتىش
ئائىلە
2002 10
CN65-1180/D-W
ISSN 1009-1844
9 771008 184009 10>




# پولات ئابدۇكېرىم غوجىنىڭ
# فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى



يىراققا نەزەر



تاغ باغرى



كۈتۈش



تەبەسسۇم



مۇسابىقىلىشىش

# تەۋسىيىلىك قۇرلار



ئادەملەر ئۆز ھەرىكىتىنى كۆپ ھاللاردا ئالدى بىلەن ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇش، شۇ ئادەمنىڭ قانۇن كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئادەمنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىدە. توغرا بولغان ئەخلاق كۆز قارىشى تۇرغۇزۇش جەمئىيىتىمىز تەلەپ قىلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم بولغان بىر مەسىلە. بۇ ماقالىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكمۇ دەل بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئەخلاق كۆز قارىشىنىڭ تۆۋەنلىكىدە پەيدا بولغان ئازاب ۋە ئار ـ نومۇس بولۇپ، بۇ نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. قىزىقسىڭىز نەزەرىڭىزنى بۇ ماقالىگە ئاغدۇرۇڭ.



ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۇنتۇلۇپ قىلىشى مۇمكىن، ئەمما جىنايەت مەيلى قانداق ۋاقىت، قانداق مۇھىتتا بولسۇن ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ قەيسەر، باتۇر ج خ ساقچىلىرىمىز ئىسپاتلىغان ھەقىقەت. ئەگەر سىز بۇ ماقالىدىكى ۋەقەلىككە قىزىقسىڭىز، نەزەرىڭىزنى 20 ـ بەتكە ئاغدۇرۇڭ، شۇندىلا سىز يەنە بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىسىز.



ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ھەر قانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. پەقەت ئادەمدە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش — ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ئىشىغا تەقدىم قىلالايدۇ. بۇ ماقالىدە بۇ نۇقتا ئىنتايىن ئەتراپلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ھەر قانداق ئادەمدە شۇنداق بىر تەسىرات قالدۇرىدۇ، يەنى قەھرىمان ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ دىللاردا يادلىنىدۇ...

# ئامانلىق

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

( ئومۇمىي 70 ـ سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن :
ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسى ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى



مەسلىھەتچىلەر :
ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسى ـ قانۇن كومىتېتى ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى

پەخرىي مۇدىر : جۇ شېڭتاۋ

ئالىي مەسلىھەتچىلەر :
جاڭ شيۇمىڭ ، نۇر بەكرى ، لى فېڭزى ، ئابدۇقادىر ئەسىردىن ، ئابلىز ھوشۇر

مۇدىر : سۇڭ جېيى

مۇئاۋىن مۇدىرلار :
دۇشەنگىنو (ئىجرائىيە) ، جياۋ مىڭچى ، ليۇ گۇاڭزۇ ، بو شياۋ

ھەيئەت ئەزالىرى :
ۋەن زۇڭلىن ، فاڭ ۋېي ، قادىر ئىبراھىم ، ۋاڭ يېيمىڭ ، ليۇ گۇاڭزۇ ، سۇڭ جېيى ، ئابلىمىت سادىق ، چېن يېيجۇڭ ، شاۋ سىۋېن ، ۋۇجيەنگو ، خوشياۋ چېن ، دۇشەنگىنو ، گۇاڭ يېيلې ، جياۋ مىڭچى ، سەي يۈجى ، بوشياۋ


## تەۋسىيىلىك قۇرلار


(1) ..........................................................................


## دېلو دەھلىزى


«ئوچ ماھىر» نىڭ سىرلىق دېلونى پاش قىلىشى ......................
شياۋ جو (4) ..........................................................


## شەرەپ مۇنبىرى


خەتەرلىك پەيتتىكى پىداكار ساقچى ..........................
خەي خوڭ ، ۋاڭ خەيپىڭ (12) ..........................


## ئادەم ۋە قانۇن


جىنايەت يوقالمايدۇ .............. ۋاڭ خەيپىڭ ، لى دوگخوا (20)


## دېلو ۋە قانۇن


ئۆلكە ھالقىپ زوراۋانلارنى يوقىتىش ............. گاۋ ياۋفېڭ (24)
«ئالىقانات» لارنىڭ ئاخىرقى سەپىرى ..............................
ۋا فېنچياڭ ، ۋۇ جوۋېي ، چېن جيەنپىڭ (32) ..............
500 يوەن ئۈچۈن ئۈچ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ..................
چى جيەنگواڭ ، فەن شاۋجوڭ ، چىڭ چۇنشېڭ (39) ..............


## ئادەم ۋە ئەخلاق


«مۇۋەققەت ئەر» نىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ..............................
جياڭ نەن ، لياۋ باۋخوا (45) ..............................


## ئەدەبىيات كۆزنىكى


تىمتاس تاغ جىلغىسى .............. بەي جىجۇن (50)

# «ئامانلىق» سىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن


باش مۇھەررىر: دۇشەنگۈل

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ئابلىمىت سادىق

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
مىلاتىز بەكرى

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
قادىر ئىبراھىم

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
ئۆمەرجان قاسىم

بەت تۈزگۈچى :
ئابلىلىم ھېمىت

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى :
CN65 - 1180 / D - W

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى :
ISSN 1009 - 1844

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 147 ـ 58

ئېلانغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى :
00535173

ئادرېسى:
ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2 ـ نومۇر

تېلېفون : 2391963 (0991)
پوچتا نومۇرى : 830003
باھاسى : 4.00 يۈەن

شىنجاڭ «ئۈمىد» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى


## خەۋەرلەر


خەۋەرلەر ........................ (58)


## تېپىشماقلىق ھېكايىلەر


كالىي سىئاند ئارقىلىق قاتىللىق قىلىش دېلوسى (1) ، كالىي سىئاند ئارقىلىق قاتىللىق قىلىش دېلوسى (2) ................ (60)


## ئېلانلار


........................ (61)


## قانۇندىن ساۋات


دۆلىتىمىز قانۇنىدا مېيىپلارنىڭ بىلىم ئېلىش مەسىلىسى قانداق بەلگىلەنگەن ؟ ........................ (62)


## تەرمىلەر


........................ (63)


## يۇمۇرلار ۋە ھەجۋىيلەر


........................ (64)


## مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە :

شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى

**ئارزىگۈل**

سۈرەتنى ژۇرنىلىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى **ئۆمەرجان قاسىم** تارتقان .

***ژۇرنىلىمىز ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ . ژۇرنىلىمىزنى سېتىۋالماقچى بولغانلار بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ .***



# ئۈچ ماھىرنىڭ سىرلىق دېلونى پاش قىلىشى

شياۋ جۇ

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى شاڭخەينىڭ چاڭنىڭ رايونىدا ئۆيگە كىرىپ قاتىللىق قىلىش دېلوسى يۈز بەردى. كىشىنى چۆچۈتىدىغىنى شۇكى، قاتىل باشقا ئادەم بولماستىن، دەل ج خ ئىدارىسىدىكى داڭدار شەخس، ئۈستورۇلوش ئوبيېكتىلىرى قاتارىدىكىلەرنىڭ بىرى، شۆبە ج خ ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جو رۇڭخې ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى لىڭ مەنىنى بولسا، 40 ـ يىللاردىكى شاڭخەي ساھەلىدىكى 10 گۈزەلنىڭ بىرى، ئىجتىمائىي ئالاقىسى كەڭ ئايال ئىدى...

1

چاڭنىڭ رايونىدىكى بىر كونا پاسونىدىكى بىنادا 10 نەچچە ئائىلىلىك ئولتۇراتتى. ھەممىسى كونا قوشنىلار بولغاچقا، قوشنىلار بىرگە ئىشلىتىدىغان ئوچاق بېشىدا ھەمىشە قىزىقچىلىق بولاتتى. بۈگۈن كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلىرىنى باشلايدىغان چاغدا، قوشنىسى لىڭ مەنىنىنىڭ كۆرۈنمىگىنىگە بىر نەچچە كۈن بولغانلىقىنى بايقاشتى. كۆپچىلىك نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىشىكىنى ھەر قانچە چەكسىمۇ سادا بولمىدى. ئاھالە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىر شۇملۇقنى سېزىپ، ساقچىخانىدىن ئىككى ساقچىنى باشلاپ كەلدى. ئىككى ساقچى دېرىزىنى چېقىپ ئۆيگە كىرىپ، لىڭ مەنىنىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بايقىدى. بۇ 1983 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يۈزبەرگەن ئىش ئىدى.

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئىش بېجىرىش ئەترىتى ئەستايىدىللىقى، كەسكىنلىكى بىلەن داڭق چىقارغان رازۋېدكىچى چيۇ لىتىڭنى بۇ دېلوغا مەسئۇل قىلدى.

نەق مەيداننى رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، تارتمىدىكى 19 مىڭ 600 يۈەنلىك پۇل چېكى (ئەينى چاغدا بۇ كىچىك سان ئەمەس ئىدى)، 400 يۈەنلىك زايومنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقى، سۈرەت، خەت ـ چەكلەرگىمۇ تېگىلمىگەن ئالامەت يوقلۇقى بايقالدى.

قانۇن دوختۇرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى مۇنداق ئىدى: ئۆلگۈچى ئايال بولۇپ، 72 ياش، جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ گېلىدە ئوڭ قول بىلەن سىقىلغان ئىز بار، گالنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تېرە ئاستى قانىغان، ئۆلگۈچىنىڭ ئاشقازىنىدا زەھەر بايقالمىدى، ئاشقازاندىكى يېمەكلىكلەردىن قارىغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تاماقتىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى سائەت ئىچىدە ئۆلگەن. ئۆلگىنىگە 60 سائەتتەك ۋاقىت بولغان...

ـ بۇ لىڭ مەنىنىنىڭ 21 ـ ئۆكتەبىر كەچ سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ـ دېدى چيۇ لىتىڭ دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. قارىماققا، بۇ دېلونىڭ قەستلەش ئىكەنلىكىدە شەك

يوق ئىدى .

مەسىلە بۇنىڭ قايسى خىلدى-
كى قەستلەش ئىكەنلىكىدە ئىدى .

دېلو تەھلىل قىلىش يىغى-
نىدا ، پۇل چېكى ۋە زايوملارنىڭ
جايىدا تۇرغانلىقىغا ئاساسەن ،
دېلونى مال - دۇنيا ئۈچۈن قى-
لىنغان قاتىللىق ئەمەس دېگەندەك
پىكىرگە كېلىشتى .

قوشنىلارنىڭ ئېيتىشىچە ،
لىڭ مەننى چىقىشقاق بولۇپ ،
كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتكەن ، ئۇ
ھەمىشە «ئامىمىغا تەۋە جايلار» نى ،
ھەتتا ئامىمىۋى ھاجەتخانىنىمۇ
يالغۇز تازىلايدىكەن . ئۇ قوشنىلار
بىلەن ياخشى ئۆتكەن بولغاچقا ،
قوشنىلارمۇ ئۇنىڭ كىملەر بىلەن
ئۆچ - ئاداۋىتى بارلىقىنى بايقى-
مىغانىكەن . بۇ دېلو ئۆچ ئېلىش
ئۈچۈن سادىر قىلىنغاندەكمۇ ئە-
مەس ئىدى .

لىڭ مەننىنىڭ تۇغقانلىرى
ۋە قوشنىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ،
لىڭ موماي ياشىنىپ قالغان بو-
لۇپ ، ياسىنىشقا ئامراق بولسىمۇ ،
ئىستىلى دۇرۇس ئىكەن . بۇ دې-
لونى كۆندەشلىكتىن بولغان دې-
يىشكىمۇ ئاساس يېتەرسىز
ئىدى...

يىغىن زالى جىمجىتلىققا
چۆمدى .

—مەن قارىشىمنى دەپ باقاي ،—
دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى چاڭ-
نىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى
ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجى-
سى جۇ رۇڭخې ، —مەن ئىلگىرى
لىڭ مەننىنىڭ نوپۇسىنى باش-
قۇرغان ، ئۇنىڭ تارىخىدىن ئاز -
تولا خەۋىرىم بار . بىلىشىمچە ،
لىڭ مەننى ئازادلىقتىن ئىلگىرى
چوڭ جاسۇس دەي لىنىڭ ئاشنى-
سى بولغان بولۇپ ، گومىنداڭ-
نىڭ نۇرغۇن جاسۇسلىرى بىلەن
بېرىش - كېلىش قىلغان ...بۇ
قەستلەش تەيۋەن تەرەپ پىلانلىغان
سىياسىي سۇيىقەستمۇ - قانداق ؟

جۇ رۇڭخېنىڭ گەپلىرى چيۇ
لىتىڭغا «مىڭ بىر كېچە» ھې-
كايىلىرىدەك تۇيۇلغان بولسىمۇ ،
كۆپ يىللىق زارۋېدكىچىلىق
تەجرىبىسى ئۇنىڭ ھەر بىر يىپ
ئۇچىغا سەل قارىشىغا يول قويى-
مايتتى .

يىغىندىن كېيىن چيۇ لى-
تىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى
لىڭ مەننىنىڭ ھاياتى بىلەن تەپ-
سىلىي تونۇشۇپ چىقتى .

لىڭ مەننى 1932 - يىلى 21
يېشىدا ۋاڭ جيالىن بىلەن توي
قىلغان . ۋاڭ جيالىننىڭ ئاتىسى
ئەنگلىيىنىڭ مەلۇم ئورگىنىدا
ئىشلىگەن . ئىككى ھەدىسىنىڭ
بىرى ئەينى چاغدىكى مەركەز باند-
كىسىنىڭ باشلىقىغا ، يەنە بىرى
بولسا دىپلوماتىيە مىنىستىرلى-
كىنىڭ نيۇيوركتا تۇرۇشلۇق
كونسۇلىغا ياتلىق بولغانىدى .
شۇڭا ، لىڭ مەننىمۇ ئەينى چاغ-
دىكى يۇقىرى قاتلامدىكى ئەربابلار
بىلەن تونۇشقانىدى .

1945 - يىلى 10 - ئايدا سۇڭ
زىۋېن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ،
ھەم چىرايلىق ، ھەم ئېنگلىز
تىلىنى بىلىدىغان 10 نەپەر خې-
نىمنى خانىمىغا ھەمراھ قىلدى ،
ئەنە شۇلارنىڭ بىرى لىڭ مەننى
ئىدى . ئۇ تانسىغا ئۇستىلىقى ،
جۇشقۇنلۇقى بىلەن تېزلا زىياپەت-
تىكى دەي لىنىڭ دىققىتىنى
تارتتى ، دەي لى ئۇنى تانسىغا
تەكلىپ قىلدى ...زىياپەتتىن
كېيىن دەي لى ئۇنى پىكاپى بىلەن
ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى . ئەمما ،
لىڭ مەننى تاكى دەي لى ئايروپى-
لان ھادىسىدە ئۆلگەنگە قەدەر مەق-
سەتلىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى
قاچۇردى .

ئويلىمىغان يەردىن دەي لى-
نىڭ باشلىقى دەي لى ئۈچۈن ئۆت-
كۈزگەن ماتەم مۇراسىمىدا ، لىڭ
مەننىنى ئۇنىڭ «ھايات چېغىدىكى
دوستى» قاتارىدا ماتەم مۇراسىمىغا
تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭدىن كې-
يىن نۇرغۇن كىشى دەي لى بىلەن
لىڭ مەننىنىڭ «ئالاھىدە مۇنا-
سىۋىتى» بار دەپ قارايدىغان بو-
لۇشتى ، بەزىلەر ھەتتا بۇ ئەپقاچتى
گەپكە قاش - كۆز چىقىرىپ ،
ئۇلارنىڭ «ئاشنىدارچىلىقى»
ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ توقۇپ
چىقىرىشتى...

چيۇ لىتىڭ بىلەن دېلو مۇ-
تەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسى لىڭ
مەننىنىڭ تارىخىنى تەپسىلىي
تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ،
قايتا ئېچىلغان يىغىندا ھەممەي-
لەن بىردەك ، لىڭ مەننىنىڭ تا-
رىخىدا مەسىلە يوق . خەقنىڭ
ئۇنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ نېمە زۆرۈ-
رىيىتى ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ
«سىياسىي سۇيىقەست» بولۇش
مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت ئەمەس
دېگەن پىكىرگە كەلدى .

جىمجىت كېچە ، كىشىلەر
بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقلاردىن
كېيىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنى-
دى ، بىراق چيۇ لىتىڭنىڭ ئۇي-
قۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس . بىر
قانچە كۈندىن بۇيانقى پاكىت توپ-
لاش ، تەكشۈرۈش ، تەھلىل ،

ھۆكۈملەردىن كېيىن ، ئۇ دادىل-
لىق بىلەن دېلو يۈز بەرگەن ئاخ-
شامقى ئىشلارنى تەسەۋۋۇردىن
ئۆتكۈزدى :

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سائەت
يەتتىدىن توققۇزغىچە بولغان ئا-
رىلىقتا لىڭ مەننى تېلېۋىزور
كۆرۈۋاتقاندا ئىشىكنىڭ چېكىل-
گىنىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچقان .
نەچچە ئېغىز گەپ قىلىشقا ئۈل-
گۈرمەيلا ، جىنايەتچى لىڭ مەن-
نىنىڭ گېلىنى بوغقان...

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ،
چيۇ لىتىڭنىڭ كۆز ئالدى بىر-
دىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى :
توغرا ، كىرگۈچى چوقۇم لىڭ
مەننى بىلەن تونۇش ، ئۇنداق بول-
مىسا ، موماي ئۇنى ئۆيىگە كىر-
گۈزەمتى ؟ قاتىلنىڭ لىڭ مەن-
نىنىڭ گېلىنى بوغۇپلا ئايلاندۇ-
رۇۋەتكىنىگە قارىغاندا ، ئۇ جەزمەن
ئەر .

2

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قوش-
نىلار ئارىسىدا دېلو سادىر قىلىش
شەرتىگە توغرا كېلىدىغانلار
چىقمىدى . چيۇ لىتىڭ مۇشۇ
تەۋەگە مەسئۇل ساقچى لاۋ فاڭنى
تېپىپ ، لىڭ مەننى بىلەن ئالا-
قىسى بار ئەرلەرنىڭ تىزىملىكى-
نى يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

لاۋ فاڭ چيۇ لىتىڭنىڭ مەق-
سىتىنى دەرھال چۈشىنىپ ، قە-
غەز ـ قەلەم چىقىرىپ ، ئويلانغاچ
بىر تىزىملىكنى يېزىشقا كى-
رىشتى .

ــ ھەي ، لاۋ چيۇ ، سۈي
يۈڭچىڭ دېگەن بۇ ئادەم تازا دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىكى تۇرسا ، ئۇ-
نى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىما-
سىز ؟ ــ لاۋ فاڭ يېزىپ مۇشۇ
يەرگە كەلگەندە بىردىنلا قەلىمى-
نى قويۇپ ، يۇقىرى ئاۋازدا چيۇ
لىتىڭغا ، ــ سۈي يۈڭچىڭ ئىل-
گىرى بانكىنىڭ ئامانەت ئورنىدا
ئىشلىگەن ، لىڭ مەننىنىڭ ئېرى
بىلەن خىزمەتداش ئىدى . ئۇ لىڭ
مەننىدىن قەرز سورىغاندا ، رەت
قىلىنغان ...ــ دېدى .

سۈي يۈڭچىڭ تېزلىكتە
چاڭنىڭ ج خ شۆبە ئىدارىسىغا
چاقىرتىلدى . سۈي يۈڭچىڭ راز-
ۋېدكىچىلارنىڭ سوئاللىرىغا ئال-
دىرىماي جاۋاب بېرىشكە باشلىدى :

ــ ئازادلىقتىن بۇرۇن لىڭ
مەننىنىڭ ئېرى بىلەن ياخشى
ئۆتەتتىم . ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن ، لىڭ مەننى بىلەن بې-
رىش ـ كېلىشنى توختىتىپ
قويىمدۇق ، يالغۇز ئوغلۇمنى
ئۆيلىگىچە مەن تېخى ئۇنىڭدىن
پۇل ئېلىپ تۇرغان .

ــ لىڭ مەننىنىڭ پۇلى بار-
لىقىنى بىلىدىكەنسىز ـ دە ؟ ــ
سورىدى رازۋېدكىچى مەنىلىك
قىلىپ .

ــ بىلەتتىم ، سىياسەتنى ئە-
مەلىيلەشتۈرۈشتە قولىغا تەگكەن
پۇلنى بىزنىڭ ئامانەت ئورنىمىزغا
قويغانىدى ، ــ سۈي يۈڭچىڭ
قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتتى ، ــ
يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ، قىزىم
ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەر دېگەندە ،
مەن يەنە ئۇنىڭدىن پۇل سوراپ
بېرىۋېدىم ، ئۇ بەرمىگەنتى .

ــ شۇنداق قىلىپ ، كۆڭۈلدە
غۇم ساقلاپ ئۇنىڭغا قول سالغان
گەپكەن ـ دە ؟

ــ يولداش ، بۇ چاقچاق قى-
لىدىغان گەپ ئەمەس جۇمۇ ! ــ
سۈي يۈڭچىڭ ئۆزىنى قوغداش
ئۈچۈن تىركەشمەكتە ئىدى . ئۇ
بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ چۆچۈ-
گەندەك قىلىپ دېدى :

ــ ئۇ ... ئۇنىڭغا بىر ئىش
بولدىما ؟

ــ ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغى-
نىنى قانداق بىلىسەن ؟ ــ قاي-
تۇرۇپ سورىدى چيۇ لىتىڭ .

ــ مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭ-
لەرگە قاراپ ، ئۇنىڭغا چوقۇم بىر
ئىش بولغان ئوخشايدۇ ، دەپ ئوي-
لىدىم ، ــ سۈي يۈڭچىڭ ئۆزىنى
گۇناھسىز كۆرسىتىشكە تىرى-
شىۋاتقان بولسىمۇ ، ئىختىيار-
سىز ھالدا بويىنىنى بويلاپ ئېقى-
ۋاتقان تەرنى قولى بىلەن سۈرتتى .

چيۇ لىتىڭنىڭ نەزەرى بىر-
دىنلا سۈي يۈڭچىڭنىڭ قوللىرىغا
چۈشتى ، ئۇنىڭ قولىدا زەخمە بار
ئىدى .

بۇ چاغدا سۈي يۈڭچىڭ «ئۇۋال
بولدى» دەپ تولۇلغان بولسىمۇ ،
چيۇ لىتىڭ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا
ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى . ئۇ
كېيىنكى باسقۇچلۇق رازۋېدكا
يۈنىلىشى ئۈستىدە پىكىر يۈر-
گۈزمەكتە ئىدى...

3

بۈگۈن لاۋچيۇ باشقا بىر ياش
رازۋېدكىچى بىلەن بىللە لىڭ
مەننىنىڭ يېقىن قوشنىسى ۋۇ
مومايىنىڭ ئۆيىگە ئەھۋال ئىگى-
لەشكە كەلدى . ۋۇ موماي سەل
ئويلىنىۋېلىپ :

ــ لىڭ ئاچا ھەمىشە ماڭا ،

تىكەندەك يالغۇز تۇرسەمۇ ، ئەڭ قورقىدىغىنىم ، بىر كۈنى مېنى بىر كىم ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ھېچ-كىم بىلمەي قالامدىكىن دەيمەن ، دەيتتى . ئۇ تېخى بىرەر ئىش بولسا سىلەرگە بەلگە بەرگىلى سىم تارتىپ قوڭغۇراق ئورنىتىپ قويايلى ، دېگەن گېپىمۇ قىل-غان...ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدىلا ئۆتەتتى . شۇ چاغدا مەن بۇ ئۇنىڭ شۇنداقلا دەۋاتقان گېپىدۇ دەپ ئويلاپ ئېرەڭسىمەپتىكەنمەن ، بۇنداق ئىش يۈز بېرىشىنى كىم ئويلىغان...

رازۋېدكىچىلار موماي بىلەن خوشلىشىپ ، تام قوشنا لى ئائە-لىسىگە كىردى . شياۋلىنىڭ ئا-يالى شياۋ ۋەن ئۇلارغا مۇھىم بىر ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى :

—شۇ ئاخشىمى مەن كەچلىك كۈرسقا بارغانىدىم ، كۈرسىتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە سائەت 20 دىن 20 مىنۇت ئۆتۈپتۇ . ۋېلىد-سىپىتنى قويغىچە مەن لىنىڭ مەنىنىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئو-چۇق ، چىرىغىنىڭ يېنىقلىقىنى تورغانلىقىنى كۆردۈم ، ئۆي ئە-چىدە بىر ئەر كىشى باردەك قى-لاتتى ...ئۇ بىر نېمە توغرىلىق گەپ قىلىۋاتاتتى ، ئاۋازى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى .

— نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭ-لىيالىدىڭىزمۇ ؟ —ئالدىراشلىق بىلەن سورىدى چيۇ لىتاڭ .

نېمىشقىكىن ، باياتىن بىما-لال سۆزلەۋاتقان ئايال بىردىنلا ئۆزگىرىپ بۇرۇلۇپ ، جىددىيلىك بىلەن :

—مەن ...مەن پەقەت گەپ قىلغان ئاۋازنىلا ئاڭلىدىم ، كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم... راستىنىلا بىلمەيمەن ، —دېدى .

شياۋ ۋەن سەل ئۆزىگە كېلىۋال-غاندىن كېيىن ، كەچۈرۈم سورى-غان ھالدا :

—ھېلىقى ئەرنىڭ ئاۋازى ماڭا بەك تونۇشتەك بىلىندى ...بىراق ، بۇ نېمىلا بولمىسۇن قاتىللىق دې-لوسى ، مەن ...مەن ئېنىق ئەس-لىيەلمىگەندىكىن ئاغزىمغا كەل-گەننى دېسەم بولمايدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟—دېدى .

يېرىم كېچە ، چيۇ لىتىڭنىڭ ئۆيقۇسى قاچتى ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى :

ئەھۋالدىن قارىغاندا ، 21 - ئۆكتەبىر سائەت 20 دىن 20 مى-نۇت ئۆتكەندە لىنىڭ مەنىنىڭ ئۆ-يىدە تورغان جەزمەن قاتىلنىڭ ئۆزى ، شياۋ ۋەنگە ئاۋازى تونۇش-تەك بىلىنگىنىگە قارىغاندا ، شياۋ ۋەن ئۇ ئادەمنى تونۇيدۇ دېگەن گەپ . بۇ ئادەم لىنىڭ مەنىنى ئۆلتۈرۈش كويىدا بولغان ، لىنىڭ مەن-نىمۇ بۇنى تۇيغان ، بولمىسا ، سىگنال بېرىش ئۈ-چۈن قوڭ-غۇراق ئورنىتىش-نى ئويلى-مىغان بو-لاتتى .



شۇنداق ئىكەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرگە ئېيتقانمۇ - يوق ؟

لىنىڭ مەنىنىڭ J شەھىرىدە ئىشلەيدىغان ئوغلى بىلەن C شە-ھىرىدە ئىشلەيدىغان قىزى شاڭ-خەيگە چاقىرتىپ كېلىندى . چيۇ لىتىڭ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى بىر نەچچەيلەننى چاقىرتىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەت-لەشتى .

لىنىڭ مەنىنىڭ قىزى بىر يىپ ئۇچىنى ئېيتىپ بەردى : ئۇ 10 يىل بۇرۇنقى ئىش بولۇپ ، بىر ساقچى ئۆيىمىزگە كېلىپ ، قار-شىلىق قىلغىنىغا قارىماي ئاپام-نى سۆيۈپتۇ ، ئاپام بۇنىڭغا بەك خاپا بوپتۇ . ئۇ ماڭا ھېلىقى كى-شىنى كۆرسىتىپ قويغان ، ئىس-مىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن . بۇ ئەھۋالنى ئاپام شۇ چاغدا دىكتاتورا

ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرىغا ئېيتقان، ج خ ئىدارىسىگە پاش قىلىش خېتىمۇ يازغان، ئەمما ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىغان. ئاپام قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئىشنى چوقۇم شۇ ساقچى قىلغانمىكىن دەپ ئويلىغان بولسامۇ، ئۇنىڭ سالاھىيىتى سەۋەبىدىن، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم...

—ئۇ ساقچىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟

—جۇ رۇڭخې.

—نېمە؟ جۇرۇڭخې؟!— ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېلىشتى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، جۇ رۇڭخې بىر ج خ خادىمى، ئۇ توغرىلىق ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىۋېتىشكە بولمايتتى. چيۇ لىتىڭ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش، كۆپ تەرەپلىمە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئەينى يىلىدىكى دىكتاتورا ئەترىتىنىڭ باشلىقى لاۋشيانى ئىزدەپ تاپتى.

لاۋشيا چيۇ لىتىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر پەس ئويلىنىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن كىچىك بىر خاتىرىنى تېپىپ چىقىپ چيۇ لىتىڭغا بەردى:

—بۇنىڭغا شۇ يىلقى ئىشلار خاتىرىلەنگەن ...لىڭ مەننى ئەينى چاغدا ساقچىخانىنىڭ ساقچىسى جۇ رۇڭخې مېنى زورلۇق بىلەن قۇچاقلاپ سۆيدى، دەپ دوكلات قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ ئاچچىقىدا تەرلەپ كېتىپتىكەن. ئۇ يەنە مەن ج خ ئىدارىسىگە پاش قىلىش خېتى يازىمەن، دېگەنىدى ...مەن ئۇنى قوللاشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم، چۈنكى جۇ رۇڭخې ساقچى، لىڭ مەننى بولسا شۇ چاغدىكى «تۆت خىل ئۇنسۇر» لاردىن ئىدى...

چيۇ لىتىڭ خاتىرىنى ئېلىپ كۆردى: ئىش يۈز بەرگەن ۋاقىت 1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىدى.

چيۇ لىتىڭ دەرھال چاڭنىڭ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىغا بېرىپ، كۈتۈۋالغۇچى يولداشقا كېلىش مەقسىتىنى چۈشەندۈردى.

سىياسىي باشقارمىدىكى يولداش دەسلەپىدە كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن گەپ قىلغان بولسىمۇ، تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىردىنلا كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ سورىدى:

—يولداش لاۋچيۇ، سىلەر قانداقچە يولداش جۇرۇڭخېدىن گۇمانلىنىپ قالدىڭلار؟ ئۇ بىزنىڭ ئۈستۈرۈش ئوبيېكتىمىز جۇمۇ!

چيۇ لىتىڭ دەرھال چۈشەندۈردى:

—جۇ رۇڭخېدىن گۇمانلىنىۋاتقىنىمىز يوق، پەقەت ئامىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن تەكشۈرۈۋاتىمىز ...بۇمۇ يولداش جۇرۇڭخېغا مەسئۇل بولغانلىق ئەمەسمۇ؟

—جۇ رۇڭخې ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئۇنى تەكشۈرۈش ئىشىغا بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز، ئىدارە باشلىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي بولمايدۇ. سىز ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن كېلىپ بېقىڭ.

4 ـ كۈنى چيۇ لىتىڭ كېلىشكىنى بويىچە چاڭنىڭ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىغا كەلدى. سىياسىي باشقارمىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭغا:

—ئىدارە باشلىقى قوشۇلدى، ئۇنىڭ ئارخىپىنى سىز يالغۇز كېچىدە تەكشۈرسىڭىز بولىدۇ، دېدى.

شۇ ئاخشىمى چيۇ لىتىڭ ئارخىپخانىدا تۈنىدى. ئاخىر بىر دۆۋە ماتېرىيال ئارىسىدىن لىڭ مەننىنىڭ پاش قىلىش خېتىنى تاپتى...

## 4

بۇ دېلونىڭ ئوبيېكتى ئالاھىدە بولغاچقا، چيۇ لىتىڭ بىلەن بىرگە «ئۈچ ماھىر» دەپ ئاتالغان جاڭ شېڭخۋا، گۇ زەيكۈن قاتارلىق ئاتاقلىق رازۋېدكىچىلار بۇيرۇقتا بىنائەت ياردەمگە كەلگەنىدى.

ئۇ ئۈچەيلەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە دېلو ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلدى. چيۇ لىتىڭنىڭ جۇرۇڭخې ھەققىدىكى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ئىسپات ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، مول رازۋېدكا تەجرىبىسىگە ئىگە، تۈرلۈك جىنايەتچىلەر بىلەن كۆپ ئۇچراشقان جاڭ شېڭخۋانىڭ كۆز ئالدىدا جۇرۇڭخېنىڭ جىنايەتكە يۈزلىنىش جەريانى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى:

شەھۋەتپەرەس جۇرۇڭخې 10 يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ نوپۇس باشقۇرغۇچى ساقچىلىق سالاھىيىتىدىن

پايدىلىنىپ، «توت خىل ئۇنسۇر»لاردىن بولغان لىڭ مەننىگە زورلۇق قىلىپ ئۇنى سۆيگەن. لىڭ مەننى «ئۇنسۇر» بولغاچقا، داۋراڭ قىلىشقا پېتىنالماي ھەم ئاچچىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئەھۋالىنى دىكتاتورا گورۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىغا دوكلات قىلغان. سىياسەت ئەمەلىيلىشىپ لىڭ مەننى ئاقلانغاندىن كېيىن، ئۇ ج خ ئورگىنىغا پاش قىلىش خېتى يازغان بولسىمۇ، جۇ رۇڭخې رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان بولغاچقا، بۇ ئىش ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىگەن. يېقىنقى يىللاردا جۇ رۇڭخېنىڭ مەرتىۋىسى تېز ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، لىڭ مەننىگە تەھدىت سېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن، شۇنداق بولغاچقا لىڭ مەننىمۇ ۋەھىمىگە چۈشكەن...

21-ئۆكتەبىر دېلو سادىر بولغان، جۇ رۇڭخې تەھدىت سېلىش ئۈچۈن لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە بارغان بولۇشى، لىڭ مەننىنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن قول سالغان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ... چېنىپ قالغان يېرى، ئۇ دەل لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە بارغان ئاخشىمى سىرتتىن قايتىپ كەلگەن شىياۋ ۋەن جۇ رۇڭخېنى كۆرۈپ قالغان. مەسىلە جۇ رۇڭخې ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە بولغاچقا، شىياۋ ۋەننىڭ ئېھتىيات قىلىپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغانلىقىدا ئىدى.

باشقىلار جاڭ شېڭخۋاننىڭ تەھلىلىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئەمدىكى ئىش «تور» نى قانداق «يىغىش» تا قالغانىدى.

شېنجياڭ مېھمانسارىيىنىڭ 303-، 304-ئۆيلىرىدە چيۇ لىتىڭ، گۇ زېيكۇن ۋە مەخسۇس دېلو گورۇپپىسىدىكى باشقا بىر قانچە يولداش بىرلىكتە جۇ رۇڭخېنى ساقلاۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي چاڭنىڭ ج خ شۆبە ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىدىكى مەسئۇل يولداش جۇ رۇڭخېنى ئېلىپ كىردى.

جۇ رۇڭخې ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىگە ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشتى.

— ئولتۇر! — جۇ رۇڭخېغا قاتتىق ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى چيۇ لىتىڭ.

رازۋېدكىچىلارنىڭ بىرى ئۇنئالغۇنى ئېچىپ قويدى. يەنە بىرى جۇ رۇڭخېنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆججەتكە بارمىقىنى بېسىشنى تەلەپ قىلدى.

— سىلەر بۇ ... بۇ نېمە قىلىغىنىڭلار؟ — دېدى جۇ رۇڭخې.

— شۆبە ئىدارە پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ھۆججىتىنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز؟ — دېدى چيۇ لىتىڭ سىياسىي باشقارمىنىڭ مەسئۇلىغا.

— يولداش جۇ رۇڭخې، — دېدى سىياسىي باشقارمىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ، — پارتىيە گورۇپپىسى بۈگۈندىن باشلاپ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئۈستىڭىزدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى، مەسىلىڭىزنى قالدۇرماي تاپشۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىياسىي باشقارمىدىن كەلگەن يولداش گېپىنى تۈگىتىپ، چيۇ لىتىڭ، گۇ زېيكۇن قاتارلىقلارغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

جۇ رۇڭخې ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ئېغىز ئاچتى:

— مەسىلە تاپشۇرامدىم؟ نېمىنى تاپشۇرىمەن؟ قىزىق گەپ بولدى-دە بۇ! — ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلىگەچ، شىمىنىڭ يانچۇقىنى سىقىمدىدى.

رازۋېدكىچى ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ چيۇ لىتىڭغا بەردى. چيۇ لىتىڭ قەغەزنى ئېلىپ «مېنىڭ ئىقرارىم» دېگەن خەتنى كۆردى.

بۇ چاغدا جۇ رۇڭخې تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئۆتۈۋالماقچى بولۇپ:

— مەن ئەسلىدە ئىقرار قىلماقچىدىم، داۋامىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ... — دېدى.

— نېمىنى ئىقرار قىلماقچىدىڭ؟ — دېدى گۇ زېيكۇن دەرھاللا. جۇ رۇڭخې ئويغا چۆمگەن، قايغۇرغان قىياپەتتە:

— 1980-يىلى 2-ئايدا، بىر ئەر-ئايال ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلغىنىمدە، مەن ... مەن خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ھېلىقى ئايال بىلەن ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولغانىدىم ... — دېدى.

— سەن لىڭ مەننىنى تونۇمسەن؟ — بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن چيۇ لىتىڭ ئۇدۇللا نەق مەسىلىگە ئۆتتى.

— ئۇنىما؟ — جۇ رۇڭخې دەسلەپتە چۆچۈگەندەك قىلىپ، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەسلىدە سىلەر مېنى


لىڭ مەننى توغرىلىق مەسىلە تاپشۇرسۇن دەپتىكەنسىلەر ـ دە ! مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئالاقەم بولماقچىدى ! ئەمدى چۈشەندىم ، سىلەر قەستەن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋاتىسىلەر !

—شۇنداقمۇ ؟ ئەمسە دەپ باقە ، 10 يىل بۇرۇنقى بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سەن لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە نېمە قىلغىلى بارغان ؟

—بۇ ...—ئېغىز ئېچىشقا تەمشەلگەن جۇ رۇڭخېنىڭ بىردىنلا تىلى تۇتۇلۇپ ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ لىڭ مەننىنىڭ ئۆزى توغرىلىق پاش قىلىش خېتى يازغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى . چيۇ لىتىڭنىڭ شۇ كۈنى لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشنى قانداقچە بىلىپ قالغانلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى .

«ئۇنىڭغا ئويلىنىش پۇرستى بەرمەسلىك كېرەك !» دەپ ئويلىغان گۇ زېكۇن دەرھال سورىدى :

—لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىڭدا ئۇ نېمە قىلىۋېتىپتىكەن ؟



جۇ رۇڭخې گەپ تۇتۇقشا ئۇلگۇرەلمەي ، «تاماق يەپ بولۇپ تۇرۇپتىكەن» دېدى . دېمەك ، ئۇ شۇ كۈنى لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىغا ئىقرار بولغانىدى .

—شۇ چاغدا سەن 26 ياش ، لىڭ مەننى 62 ياش تۇرسا ، سەن ياپياش تۇرۇپ نېمىشقا بىر مومايغا بوخورلۇق قىلىسەن ؟—سورىدى چيۇ لىتىڭ .

جۇ رۇڭخې خالتا كوچىغا قاپسىلىپ قالغاندەك بولۇپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى ، ئۇ ئۇۋالچىلىققا قالغاندەك قىياپەتتە :

— لىڭ مەننىنىڭ ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدۈم ، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن 10 يىل بۇرۇنقى گەپ ، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى بىلەن ئالاقىسى يوق ، سىلەر ماڭا ئۇۋال قىلساڭلار بولمايدۇ ! —دېدى .

چيۇ لىتىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دېدى :

—10 يىل بۇرۇن سەن

لىڭ مەنننى بوزەك قىلغاندا ئۇ ئەمدىلا «قالپىقى» ئېلىۋېتىلگەن «تۆت خىل ئۇنسۇر» لاردىن ئىدى ، سەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەرز قىلىشىدىن قورقمايتتىڭ . ئەمما ، 10 يىلدىن كېيىن ئۇ مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولۇپ قالدى ، سالاھىيىتى ئۆزگەردى . سەن ئەمدى ئۇنىڭ ئەرز قىلىشىدىن قورقماي قالامسەن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سەن شۆبە ئىدارىدىكى چوڭ كىشى بولۇپ قالغان تۇرساڭ ، لىڭ مەننى ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلسا ، شۆبە ئىدارىنىڭ رەھبەرلىكى ساڭا يەنە ئىشىنەتتىمۇ ؟ سېنىڭ ئەمەلدار بولۇش خىيالىڭ سۇغا چىلاشمامدۇ ؟

جۇ رۇڭخي گەپ قىلالمىدى .

— 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن سەن نەگە بارغانتىڭ ؟ — گۇ زەيكۇن پەيتنى تۇتۇپ سوراقنى باشلىدى .

— مەن ساقچىخانىغا بېرىپ سەبداشلار بىلەن كۆرۈشتۇم ، ئاندىن ئائىلەم بىلەن قېيناتامنىڭكىگە بېرىپ ، بىللە قايتىپ كەلدۇق .... — جۇ رۇڭخي گەپ توقۇۋاتاتتى . كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان ئادەم بولمىسا ، خېلى كۈنلەر ئىلگىرىكى ئىشنى ئۇنداق ئېنىق ئەستە تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چېچەنلىك قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويۇپتۇ ، دېگەن مانا مۇشۇ !

— سەن ساقچىخانىدىن سائەت قانچىدە قايتتىڭ ؟ سەن راستتىنلا قېيناتاڭنىڭ ئۆيىگە بارغانمىدىڭ ؟ ئائىلەڭدىن سورىساق ، ئۇنىڭ دېگىنى سېنىڭ دېگىنىڭ بىلەن ئوخشاش چىقمىسا قانداق قىلىسەن ؟ — گۇ زەيكۇن كىچىك خاتىرىنى ئاچقىنىچە جۇ رۇڭخېغا تىكىلدى .

دەرۋەقە ، جۇ رۇڭخېنىڭ يېلى چىقىپ كەتتى ، ئۆزىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش جەريانىنى ئىينەن تاپشۇردى .

## 5

10 يىل بۇرۇن ئۇ ئەمدىلا نوپۇس باشقۇرغۇچى ساقچى بولغان چاغ ئىدى . بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ ، باشقا بىر ساقچى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان لىڭ مەننىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ : «ئۇ قېرىپ قالغىنى بىلەن ئازادلىقتىن بۇرۇن داڭقى چىققان سەتەڭ ئىكەندۇق . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، چوڭ جاسۇس دەي لىغا ئاشنا بوپتىكەن» دېگەن . ئۇ ساقچىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزى جۇ رۇڭخېنىڭ كۆڭلىگە ئورنىشىپ قالغان .

ئۇ لىڭ مەننىنىڭ ھۆسنىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن 1974 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان . لىڭ مەننىگە مەستانە بولۇپ قالغان جۇ رۇڭخي قايتار چېغىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي لىڭ مەننىنى قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولغان .

كېيىن ئۇ ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، لىڭ مەننىنىڭ كونا ھېساب - كىتابىنى قىلىپ قېلىشىدىن بارغانسېرى قورقىدىغان بولۇپ قالغان . بولۇپمۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» ساداسىنىڭ كۈچىيىشى ، ئۆزىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە ، ئۇ تېخىمۇ دەككە - دۈككىگە چۈشكەن ، شۇنىڭ بىلەن لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، موماينىڭ ئاغزىنى ئېتىش نىيىتىگە كەلگەن .

1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن ئۆتكەندە ، ئۇ لىڭ مەننىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن . لىڭ مەننى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا «ئۆيدىن چىق !» دەپ ۋارقىرىغان . ئۇ قوشنىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئوڭ قولى بىلەن موماينىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغان ، لىڭ مەننىنىڭ بۇرنى قاناپ ئايلىنىپ قالغان ... جۇ رۇڭخي ئۇنىڭ ھوشىغا كەلسە ئەرز قىلىشىدىن قورقۇپ ، موماينى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لىڭ مەننىنى كارىۋاتقا بېسىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى بىر قولىدا ئېتىپ تۇرۇپ ، بىر قولىدا ئۇنىڭ گېلىنى بوغقان ، نەتىجىدە لىڭ مەننىنىڭ نەپسى توختىغان . جۇ رۇڭخي جەسەتنى ياستۇق كىرلىكى ، يوتقان بىلەن يېپىپ قويۇپ غىپپىدىلا تىكىۋەتكەن...

بۇ 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىدى . جۇ رۇڭخېنىڭ ئىقرارى بىلەن بۇ دېلو پاش بولدى ، بۇنىڭ بىلەن 1983 - يىلى شاڭخەيدە يۈز بەرگەن قاتىللىق دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 100% كە يەتتى .

**ھاۋاخان داۋۇت تەرجىمىسى**

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغان جىددىي پەيتتە ، ئۇ ۋە سەبداشلىرى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتتى ، بەدىنىگە پارتلاتقۇچ تېڭىپ ، غالجىرلاشقان ياۋۇز بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن خەلقنى سۆيۈش ، خەلقنى قوغداش روھىنى نامايان قىلىپ ، زەپەر مارشىنى ياڭراتتى .

2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاغانغا يەنە 10 كۈن قالغانىدى .

ئەتىگەن سائەت 11 دە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ بىناسىغا بېلىگە قاتارلاشتۇرۇپ پارتلاتقۇچ تېڭىۋالغان ، يۈزىگە نىقاب تاقىغان بىر كىشى كىردى :

—مەن ئەيدىز كېسەللى بولۇپ قالدىم ، جېنىمدىن تويدۇم ، دەرھال پۇل بېرىڭلار ، بولمىسا سىلەرنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرىمەن ! — دەپ ۋارقىراپ ، ئۆي ئىگىسىنى قورقۇتۇپ قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا ئۇرۇندى . ئۆي ئىگىسى جېنىدىن تويغان ياۋۇزنى ئالداپ ـ سىلاپ بىنا سىرتىغا ئېلىپ چىقتى ، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن بۇ ياۋۇز ئۆي ئىگىسىنى سۆرەپ ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات كوچا— جۇڭشەن يولىغا ئېلىپ ماڭدى .

سائەت 11 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە ، «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ بايراملىق پوجاڭزىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ لۇڭدې مەلۇم قىلىش تېلېفونىنى ئېلىپ دەرھال نەق مەيدانغا كەلدى . بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش ئەمدىلىكتە جىددىي جەڭگە ئايلاندى . ئەتراپنى نۇرغۇن ئامما قەۋەت ـ قەۋەت قورشاپ تۇراتتى . ھېلىقى ياۋۇز سول قولى بىلەن پارتلاتقۇچنى چىڭ تۇتۇپ ، ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ :

—مەن ئەيدىز كېسەللى بولۇپ قالدىم ، جاندىن تويدۇم ! ھازىرلا پارتلىتىمەن ! بېلىمگە تۇڭگۇۋالغان بۇ پارتلاتقۇچ نەچچە كىلوگرام كېلىدۇ ، قولۇمنى بوشاتسام‌لا 50 مېتىر جايدىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى تۈگىشىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى .



# خەتەرلىك پەيتتىكى پىداكار ساقچى

خەي خۇڭ ، ۋاڭ خېيىڭ

*—مەملىكەتلىك ج خ سىستېمىسىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى ، ئىنقىلابىي قۇربان جاۋ شىنمىننى خاتىرىلەيمىز*

گۈلچەمبەرەكلەر تىزىلدى ، ماتەم مۇزىكىسى يۈرەكنى ئەزمەكتە...

سۈكۈتتە تۇرغانلارنىڭ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى ، ئۇلار سەبدىشىنىڭ جەسىتى قويۇلغان دەپنە ماشىنىسىنى ئۇزىتىپ قويدى...

دەپنە ماشىنىسى ئاستا ـ ئاستا كېتىۋاتاتتى . ھەر مىللەت ئاممىسى قەھرىتان سوغۇققا پەرۋا قىلماي ئۇزاتقۇچىلار قاتارىغا قوشۇلاتتى ، بۇ قوشۇن بارغانسېرى زورايماقتا ئىدى...

دەپنە ماشىنىسىدا 46 ياشقا كىرگەن ، ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان خەلق ساقچىسى جاۋشىنمىن ياتاتتى . 2002 ـ يىل

شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى دەي جوڭچاڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدىن يول ئېچىپ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى توستى .

—سەن كىم ؟ يوقال كۆزۈمدىن ! —دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ياۋۇز ساقچىنى ئىتتىرىپ .

دەي جوڭچاڭ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ، پارتلاتقۇچنىڭ ھەقىقىي پارتلاتقۇچ ئىكەنلىكىنى بىلدى . پارتلاتقۇچ بىلەن ئويناشقىلى بولمايتتى ! ئەگەر پارتلاپ كەتسە ئىش بەك چاتاق ئىدى ! كىشىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى شۇكى ، ئەتراپتا خەۋپنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيۋاتقان نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى . ئەگەر بۇ ياۋۇز نىيىتىنى بۇزۇپ قولىنى شۇنداقلا تارتسا...

ئەتراپتىكى ئادەم بارغانسېرى كۆپىيىپ نەچچە يۈزگە يەتتى .

ۋاڭ لۇڭدې ئەھۋالنى دەرھال شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇ جيەنشىگە مەلۇم قىلدى ھەم جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ، زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساقچىلىرى ، قاتناش ساقچىلىرىنى دەرھال نەق مەيدانغا يۆتكەپ كەلدى .

ئىدارە باشلىقى دۇ جيەنشى ، ئۇنى چوقۇم تىزگىنلەپ تۇرۇڭلار ! ئاممىنىڭ ھاياتى ، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ، دۆلەت مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى چوقۇم قوغداڭلار ! بۇ ئىشنى ئەقىل ئىشلىتىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار ، ياۋۇزنى چوقۇم بوي سۇندۇرۇڭلار ، دەپ بۇيرۇق قىلدى .

تىيانشان رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شەن شياۋشا قاتارلىقلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ بىر تەرەپتىن ، ھېلىقى ياۋۇز بىلەن تۇتۇشۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاممىنى تارقاقلاشتۇردى .

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە 150 نەچچە ساقچى تەق بولدى . ۋاڭ لۇڭدېنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدا قاتناش ۋاستىلىرى توختىتىلدى ، ئامما تارقاقلاشتۇرۇلدى .

لېكىن ، چاغان يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا ، مەيداندا ئامما ۋە سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن ئاپتوموبىل ـ پىكاپلار كۆپ ئىدى ، ئەمدىلا بىر تۈركۈمنى تارقاقلاشتۇرسا ، يەنە بىر تۈركۈمى كېلىپ تۇراتتى .

ياۋۇز بىلەن ئامما ئارىسىدىكى ساقچىلار مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ «ئادەم تېمى» ھاسىل قىلدى . ساقچىلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياۋۇز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ «دەرھال يوقىلىڭلار ! بولمىسا بومبىنى پارتلىتىۋېتىمەن !» دەپ ۋارقىرىدى . خەلق ساقچىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان «ئادەم تېمى» بارا ـ بارا ياۋۇزدىن يىراقلىدى ، لېكىن ئەھۋالدىن بىخەۋەر كىشىلەر ھەدەپ ئالدىغا قىستايتتى...

—ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئەڭ ئەنسىرىگىنىمىز نەق مەيداندىكى ئامما ئىدى ، —دېدى شەن شياۋشا ، —لېكىن ئىشنىڭ جىددىيلىكىنى ، ئېغىرلىقىنى ، دەرىجىسىنى ئاممىغا دېسەك بولمايتتى .

دەل شۇ ۋاقىتتا ۋاقىتلىق قۇرۇلغان نەق مەيدان قوماندانلىق شىتابى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈچ يۈرۈش لايىھەسىنى بېكىتتى . ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش ئاساسىدا ياۋۇزنى بويسۇندۇرۇش ياكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك !

بۇ ئۈچ يۈرۈش لايىھە ئىچىدە ياۋۇزنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئۈنۈملۈك لايىھە ئىدى . مەرگەننىڭ ماھارىتى ئۈستۈن بولۇپ ،ئوقنى 100 مېتىر يىراقلىقتا قويۇلغان بىر تال ياڭاققا دەل تەككۈزەلەيتتى .

لېكىن ، ياۋۇزنىڭ بەدىنىگە تېڭىۋالغان پارتلاتقۇچ قول بوشىسىلا پارتلاپ كېتەتتى...

نەق مەيداندىكى ساقچىلارئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ ئاممىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك ، دېگەن ئويغا كەلدى .

ساقچىلار ھەدەپ ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈپ ، پۇرسەت كۈتتى ، ئاممىنى تارقاقلاشتۇردى .

بۇ ۋاقىتتا ياۋۇز پۇل تەلەپ قىلدى . ساقچىلار دەرھال 3200 يۈەن يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا بەردى .

سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ، خەلق ساقچىلىرى ئەڭ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى ، ياۋۇز پۇلنى قوينىغا تىقىپ ، يەنە ئۇشتۇمتۇت : «مەن ئادەم كۆپ جايغا بارىمەن ، ھەممىڭ يوقىلىش !» دەپ ۋارقىراپ ، ئەتراپتىكى خەلق ساقچىلىرىنى

ئىتتىرىۋېتىپ ، «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسىغا قاراپ يۇگۈردى ، ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنى توسقىلى بولمىدى .

سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتتى .

—مانا مەن مەسئۇل ، نېمە گېپىڭ بولسا ماڭا قىل ! —دېدى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جاۋ شىنمىن ياۋۇزنىڭ يولىنى توسۇپ ، —ھەرگىز ساراڭلىق قىلما ! —ئۇ ياۋۇزنى يەلكىسىدىن تۇتۇپ كەينىگە تارتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەتداشلىرىغا چېكىنىشكە ئىشارەت قىلدى . كېيىن دەي جۇڭچاڭ بىزگە مۇنداق دېدى : جاۋ شىنمىن بىزنى چېكىندۇرۇپ ھاياتلىق ئۈمىدىنى سەبداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ ، ئۆلۈم خەۋپىنى ئۆزىگە قالدۇردى !

جاۋشىنمىن ياۋۇزنى ئادەم ئاز جايغا بېرىشقا ئۈندىدى . ئەمدىلا بىر قانچە قەدەم ماڭغاندا ، ياۋۇز بىر نېمىنى ھېس قىلغاندەك ، جاۋ شىنمىننىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى ، ئۇنى ئىتتىرىپ غالجىرانە ھالدا :

—بولمايدۇ ، مەن ئۆچ ئېلىشقا كەلگەن ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆلىمەن ! —دەپ ۋارقىرىدى . بۇنى كۆرگەن جاۋ شىنمىننىڭ بۇ ياۋۇزنىڭ ئاللىبۇرۇنلا كونتروللىقىنى يوقاتقانلىقىغا ، ھەرقاچان پارتلىتىش ۋەقەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى .

جاۋ شىنمىن يەنە ياۋۇزنى توسۇۋېلىپ :

—بۇ يەردىن ماشىنا ، ئادەم كۆپ ئۆتىدىكەن ، گەپ قىلىشقا قولايسىز ئىكەن ، بىز ئالدى تەرەپتىكى يول ياقىسىغا بارساق قانداق ؟ سېنىڭ دۈشمىنىڭ كىم ؟ سەن ماڭا ئالدىرىماي دەپ بەرگىن ، ئۇنى تېپىشقا ، تۇتۇشقا مەن ياردەم قىلاي ! —دېگەچ ياۋۇزنى ئادەم ئاز جايغا ئاپارماقچى بولدى .

ياۋۇز قەتئىي ئۇنىماي ، جاۋ شىنمىننى ئىتتىرىۋېتىپ :

—ئادىمىڭلار تېز يوقالسۇن ! مەن قولۇمنى بوشاتساملا ھەممىڭلار تۈگىشىسىلەر ! —دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى .

جاۋ شىنمىن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەمدە سەبداشلىرىنى چېكىندۇرۇپ ، ياۋۇزنى چىڭ تۇتىۋېلىپ ئۇچۇقچىلىق يەرگە تارتتى .

—بولمايدۇ ! مەن بىر ئادەم ئۆلسەممۇ ئۆلىمەن ، 100 ئادەم ئۆلسىمۇ ئۆلىدۇ . مەن ئادەم كۆپ جايغا بېرىپ پارتلىتىمەن ، ئۆلسەممۇ نۇرغۇن كىشى ماڭا ھەمراھ بولسۇن ! —ياۋۇز جاۋ شىنمىننىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم قوپاللىق بىلەن سىلكىپ ، كوچىنىڭ بارىچە ئۇنى ئىتتىردى . جاۋ شىنمىن ئۇنى توسۇپ ماڭغۇزمىدى .

ياۋۇز ھېچنىمىگە قارىماي «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسىغا قاراپ ئېتىلدى . ئۇ «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسىغا كىرىپ بومبىنى پارتلاتماقچى بولىۋاتاتتى !

«تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار سودا سارىيى ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ چوڭ تۇرلۇك ماللار سارايلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، كۈنىگە ماگىزىنغا كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يېتەتتى . چاغان يېقىنلاپ قالغان بولغاچقا ، ماگىزىنغا كىرىدىغان خېرىدارلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ ، ماگىزىن ئىچىدە كىشىلەر قىستىلىشىپ دېگۈدەك ماڭاتتى .

ياۋۇز سودا سارايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىشىككە يۈگۈرۈپ باردى . جەنۇب تەرەپتىكى كىرىش - چىقىش ئىشىكى يېنىدا پوجاڭزا سېتىش پەشتاقتىسى بار ئىدى . بۇ كۈنى دەل ئۈرۈمچى شەھىرىدە بايراملىق پوجاڭزا سېتىشنى يولغا قويغان تۇنجى كۈن بولۇپ ، پەشتاقتىكى ماللارنىڭ تۈرى تەخمىنەن 400 خىلغا يېتەتتى ، توققۇز توننىدىن ئارتۇق پوجاڭزا بار ئىدى ، ناۋادا بۇ يەردە پارتلاش يۈز بېرىدىغان بولسا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تولىمۇ قىيىن ئىدى .

ئەھۋال تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى !

ياۋۇزنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈشكە قەتئىي بولمايتتى .

جاۋ شىنمىن ئىنتايىن جىددىيلىشىپ ، ياۋۇزنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنىڭ «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار سودا سارىيىغا كىرىش ۋاقتىنى ئىمكان بار كەينىگە سۈرۈپ :

—سەن مېنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ سېنىڭ بىناغا كىرىشىڭگە يول قويمايمەن ! سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن ؟ ئۆزۈڭنى ئويلىمامسەن ؟ نېمە ئىش بولسا ماڭا دە ، ھەل قىلىشقا مەن

ياردەملىشەي ! سېنىڭ كىرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ! يامىنى كەلسە ئىككىمىز بىرلىكتە ئۆلىمىز ! ــ دېدى .

نەق مەيداندىكى قوماندانلىق شتابى كەسكىنلىك بىلەن «ئادەم تېمى» هاسىل قىلىپ ئەتراپتىكى ئاممىنى كەينىگە يېنىشقا بۇيرىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىشىكنى قامال قىلدى ، مەرگەن ئەپلىك جايغا ئورۇنلىشىپ ، ياۋۇزنى ئېتىۋېتىشكە تەييارلاندى...

ياۋۇزنىڭ غالجىرانە قەدىمى ئاخىرى توسۇپ قېلىندى ، كەيپىياتىمۇ سەل پەسەيگەندەك بولدى ، ئۇ ئوينى ئۆزگەرتىپ تاكسى ئارقىلىق نەق مەيداندىن كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شەن شياۋشا دەرھال : «مەن ساقچى ماشىنىسى بىلەن ئاپىرىپ قوياي !» دېگىنىچە تېزدىن ئاپتوموبىلنى قوزغىتىشقا ماڭدى .

خېيىمخەتەر ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىندى ، لېكىن كىشىلەردىكى ئەندىشە تېخى تولۇق تۈگىمەي تۇرۇپلا ، ئۇشتۇمتۇت «گۇم...» قىلغان قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭلا كۆچلۈك ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ، ئەسەبىيلەشكەن ياۋۇز ئاخىرى قولىنى بوشاتقاندى...

خەلق ساقچىلىرى سەبدىشىنىڭ ئىسمىنى توۋلىغىنىچە ھېچنىمىگە قارىماي ئىس ـ تۈتەك ئارىسىغا يۈگۈردى...

بۇ 2002 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 11 دىن 52 مىنۇت ئۆتكەن چاغ بولۇپ ، بۇ ۋاقىت ئۈرۈمچىدىكى خەلق ساقچىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان دەقىقە بولۇپ قالدى .

سەبداشلىرى بومبا پارتلىغان جايغا ئۈچ مېتىر يىراقلىقتىكى ئاپتوموبىل ئاستىدىن جاۋ شىنمىننى تارتىپ چىقتى ، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ساقچى كىيىمى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن ، پەقەت بەلۋېغىدىكى كۆمۈش رەڭلىك قالقانلا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى...

سۇي جۇڭچۇەن ، ئاۋجۇن ئېغىر يارىلانغانىدى .

ئامما ۋە «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسى خېيىمخەتەرگە ئۇچرىمىدى .

سائەت 14 تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ، يولداش جاۋ شىنمىن يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى...

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بۇ يامان خاراكتېرلىك پارتلىتىشنى توسۇش ، خەلقنىڭ هاياتى ، مال ـ مۈلكى ، بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن نەق مەيداندا مۇمكىن بولغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى ، ئون نەچچە خەلق ساقچىسى ياۋۇز بىلەن توپتوغرا 42 مىنۇت ئېلىشتى .

بۇ 42 مىنۇت ئىچىدە ياۋۇز ئالدىغا پەقەت 50 مېتىرلا ئىلگىرىلىيەلىدى .

ھەر بىر مىنۇت هايات ـ ماماتلىق سىنىقى ، شۇنداقلا خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قۇربان بولۇش ، خەلق ئاممىسىغا خەلق ساقچىلىرىنىڭ قورقماس روھىنى نامايان قىلىش مىنۇتلىرى بولدى .

ۋەقەدىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدىكى ساقچى دائىرىلىرى ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۋالغان ياۋۇزنىڭ ئىسمى چېن مىڭئەن بولۇپ ، شەنشىنىڭ ئەنكاڭ دېگەن يېرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى .ئۇ 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋە 31 ـ كۈنى مىچۈەننىڭ 101 كانى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى مەشئەل بىناسى ئەتراپىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋاسىتە ئارقىلىق ئىككى تاكسى شوپۇرىنى بۇلىغان . كېيىن قېنىنى تەكشۈرگەندە ئەيدىز كېسىلىنىڭ يوقلۇقى ئېنىقلانغانىدى . بۇ ئارقىلىق «1 ـ فېۋرال پارتلىتىش دېلوسى» قەستەن بۇلاڭچىلىق قىلىش ، قاقتى ـ سوقتى قىلىش ، جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىشتەك يامان خاراكتېرلىك دېلو دەپ بېكىتىلدى .

سەبداشلىرى :

ــئىشقىلىپ خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇققاندىلا جاۋ شىنمىن بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا چىقاتتى ، ــ دېيىشتى .

جاۋ شىنمىن : ئامما ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ، ئادەتتە چوقۇم ئۇلارنى ئويلاش ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، ياردەم بېرىش كېرەك ، دەيتتى .

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسى ئالدىدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش دېلوسى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا تارقالدى .

—كىم قۇربان بوپتۇ ؟ جاۋ شىنمىنمۇ ؟ !—دەپ سورىدى سايباغ رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىدىكى ئىلگىرى جاۋ شىنمىن بىلەن بىللە ئىشلىگەن ساقچى جىددىيلىشىپ .

—سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەسكە ئالدىڭ ؟ـ دەپ سورىدى كۆپچىلىك ئەجەبلەنگەن هالدا .

—مەن ئۇنى چۈشىنىمەن ، ئىشقىلىپ جىددىي ئەھۋال بولسىلا ، ئۇ دائىم بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا چىقىدۇ...

جاۋ شىنمىن ساقچى بولغان 26 يىلدا «مەن ئاۋۋال باراي» دېگەن سۆز ئۇنىڭ خەتەرلىك پەيتتە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى ئىدى . سەبداشلىرى 1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جاۋ شىنمىنىنىڭ خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەن زوراۋان ـ تېررورچىنى قولغا ئالغانلىقىنى ئۇنتۇمايدۇ . ئۇ چاغدا ۋاقىت قىس بولۇپ ، ئوق ئۆتمەس مايكا يېتىشمەيتتى ، تۇتىدىغىنى جېنىدىن تويغان ئىنتايىن ياۋۇز لۈكچەك ئىدى . كۆپچىلىك ئۇنى ئوق ئۆتمەس مايكا كېيىشكە دەۋەت قىلغاندا ، جاۋ شىنمىن ئوق ئۆتمەس مايكىنى سەبداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى . جەڭ باشلانغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنىلا لۈكچەكلەر ئۇۋىسىغا بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ كىردى...

جاۋ شىنمىن ياڭزىجياڭ يولى ساقچىخانىسىدا ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفونى جىرىڭلاپ قالدى :

«قولىغا پىچاق ئېلىۋالغان بىر مەست كۆرگەنلا ئادەمگە پىچاق تىقىمەن دەپ يۈرىدۇ !» جاۋ شىنمىن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى ، ھېلىقى مەست راستىنلا ھوشىنى يوقاتقان بولۇپ ، پىچاقنى شىلتىپ يۈرەتتى . جاۋ شىنمىن ئەتراپتىكىلەرگە بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئوق چىقارمىدى . ئۇ باشقا سەبداشلىرىنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىپ ، ئاممىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ، ئۆزى مەستنىڭ ئەتراپىنى قامال قىلىپ ، ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ خالىيراق بىر يەردە ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ ئۇنى يارىلاندۇردى .

يەتتە يىلدىن كېيىن ، بۇ جىنايەتچى مۇددىتى توشۇپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ، جاۋ شىنمىننى تېپىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ :

—ئۆزۈڭگە ھېزى بول ، ھامان بىر كۈنى مەن ئۆچ ئالماي قويمايمەن ، ـ دېدى . جاۋ شىنمىن جاۋابەن :

—مەن ھەر ۋاقىت تەييار . مەنمۇ ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي ، ئەگەر ئۆلۈمدىن قورققان بولسام ساقچى بولمىغان بولاتتىم ! —دېدى . جەڭ مەيدانلىرىدا جاۋ شىنمىنىنىڭ قورقماس ، باتۇر دېگەن نامى بار ئىدى .

جاۋ شىنمىن ئائىلىسىدە ۋاپادار ئوغۇل ، كۆيۈمچان ئەر ، مېھرىبان ئاتا ، ئاممىنىڭ نەزىرىدە بولسا ناھايىتى ياخشى ئادەم .

ئۇ قارلىغاچلىق ساقچىخانىسىدا ئىشلىگەندە ، باشقۇرۇش رايونى دائىرىسىدە يېشى 70 كە يېقىنلاشقان فاڭ بوئەي ئىسىملىك مېيىپ بوىتاق بوۋاي بار ئىدى . جاۋ شىنمىن ھەمىشە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلاپ ، دائىم بۇ بوۋاينى ئاتايىتەن يوقلاپ تۇراتتى ، بوۋاينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى... ھېيت ـ بايراملاردا ياغ ، گۈرۈچ ، مېۋە ـ چېۋە ئەكىلىپ بېرەتتى . ئۇ قارلىغاچلىق ساقچىخانىسىدىن يۆتكىلىدىغان چاغدا باشقۇرۇش رايونى دائىرىسىدىكى بويتاق ، قىيىنچىلىقى بار ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كېيىنكى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەيدىغان رەھبەرگە بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ياردەم بېرىشىنى ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ئېتىبار بېرىشىنى جېكىلىگەنىدى...



فاڭ بوۋاي جاۋ شىنمىنىنىڭ بەختكە قارشى

قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كەينى ـ كەينىدىن ساقچىخانىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئۇقۇشتى . بوۋاي 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سائەت توققۇزدا دېڭە سارىيىغا كېلىپ كۆز يېشى قىلىپ ، سوغۇقتا تۆت سائەت ساقلاپ جاۋ سىياسىي يېتەكچى بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلاشتى .

جاۋ شىنمىن ساقچىلىق قىلغان 26 يىلدىن بېرى باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىلىرىدا ئىشلەپ كەلدى . شىخابا ساقچىخانىسىدا مۇئاۋىن باشلىق بولغان مەزگىلدە ، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەر دەرىجىلىك ۋە رايون دەرىجىلىك بىخەتەر ـ مەدەنىي مەھەللىدىن ئالتىنى بەرپا قىلغان ؛ قارلىغاچلىق ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان مەزگىلدە ، خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى يىل ئىچىدە چەت ، شارائىتى جاپالىق بولغان ساقچىخانىنى ئاپتونوم رايون ، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىققاندى ؛ شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان مەزگىلدە ، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بويىچە 2001 ـ يىللىق خىزمەتلەردە 1 ـ بولغانىدى .

جاۋ شىنمىن كۈچلۈك كەسىپچانلىقى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان . ئۇ 26 يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياكى مۇنەۋۋەر مەمۇر ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان ھەم بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن .

ئۇنىڭ ئېغىر دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلمىگەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى . ئۇنىڭ دىئابىت كېسىلى دائىم دېگۈدەك ئېغىر ھالەتتە تۇراتتى . ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى دائىم ئۇنىڭ ئالدىراش خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ، تاتارغان چىرايىدىن تەر تامچىپ تۇرغانلىقىنى ، پۇتلىرىنىڭ بەزىدە توز تۇرالماي ئېگىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى .

شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى تاۋ خۇڭجۇن مۇنداق دېدى :

—بىز جاۋ شىنمىننىڭ ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئاسادىيىي ھالدا قەھرىمان بولۇپ قالغان ئەمەسلىكىنى ، ئۇلارنىڭ قەھرىمان ئانا ـ بالا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق .

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچ ، جاۋ شىنمىننىڭ قۇربان بولغانلىقىغا ئۈچ كۈن بولغانىدى .

ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدا ساقچىلار گۈللەرنى تۇتقان ھالدا بىرەيلەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى ئەگىيتتى .

خەلق ساقچىلىرى ئەڭ تەنتەنىلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان ئانىسىغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە تەييار بولۇپ تۇرغانىدى .

80 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان جاۋ ئانا ئايروپىلاندىن ئاستا چۈشۈپ كەلدى !

ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولسىمۇ ، لېكىن روھى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن قەدەملىرى شۇنچە مەزمۇت ئىدى...

ساقچىلار جاۋ ئانىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇ شاڭخەيدىن كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا جاۋ شىنمىن بىر قارا نىيەتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدا ئېغىر زەخىملىنىپ دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلىۋاتىدۇ دەپ يالغان خەۋەر قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى ، جاۋ ئانا ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى .

—موما ، قەيسەررەك بولۇڭ ، دادام ...—جاۋ ئانا قىز نەۋرىسىنىڭ تارامالاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرۈپ ، ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى .

—شىنمىن ! ...—مومايىنىڭ پۇتلىرى لاغىلداپ تىترىدى ، كۆز ياشلىرى ئېتىلىپ چىقتى...

لېكىن ، جاۋ ئانىنىڭ يىغىدىن كېيىنكى گەپلىرى ئەتراپتىكىلەرنىڭ قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالدى .

—ئوغلۇم ماڭا بەشقولدەك ئايان ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئەرزىيدىغان ئۆلۈم ! شىنمىن ھەقىقىي ئەركەك !...

جاۋ ئانا 19 ياشقا كىرمەستىلا يەنئەنگە بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان ، ھەر ئىككى ئاكىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان . ئۇ ئېرى بىلەن بىللە نۇرغۇن جەڭلەرگە

قاتناشقان . ئۇرۇش يىللىرىدا نەچچە ئۆلۈپ ، نەچچە تىرىلگەن .

جاۋ ئانا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ قەيسەر بولۇپ چىقتى .

رەھبەرلىك جاۋ ئانىنى يوقلاپ ئۇنىڭغا سەۋرى قىلىشنى ئېيتقاندا ، ئۇ مۇنداق دېدى :

—ئۇلار ساقچى بولغاندىكىن ، ھامان قۇربان بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ . شىنمىننىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنىمەن ، لېكىن باشقا ساقچىلار قۇربان بولسا ، ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىمۇ ئازابلىنىدۇ...

جاۋ ئانا يىغلاۋېرىپ كۆز ياشلىرىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى . تالاي ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، تۇزۇكرەك قان - قېرىندىشى قالمىغان بۇ پىشقەدەم ئىنقىلابچى ئەمدىلىكتە يەنە بىر يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى . ۋىدالىشىش مۇراسىمى زالىدا جاۋ ئانا قوشاق قېتىپ تۇرۇپ ، ھازا ئېچىۋاتاتتى :

—ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ، خەلقنىڭمۇ ئوغلى !

—ئۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان بولدى ، ئۇ ئارمانسىز كەتتى !

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك بولمىسىمۇ ، لېكىن تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى .

ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقمايۋاتاتتى ، لېكىن ۋىدالىشىشقا كەلگەنلەر يەنە بىر قېتىم ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشتى...

ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، جاۋ ئانا ئوغلى بىلەن تەڭ يارىلانغان سەبدىشى سۇي جۈنچۈەن بىلەن ئۇۋجۇننى يوقلاپ كېلىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى . دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئىككى سەبداش جاۋ ئانىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ : «بىز ئۇنىڭ ئورنىدا بېرىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتۇق - ھە !...» دېيىشتى .

جاۋ ئانا كۆز ياشلىرىنى تەستە تۇختىتىپ ، ئۇلارغا تەسەللىي بەردى :

—باللىرىم ، ھەممىڭلار قەھرىمان ، كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار . شىنمىننىڭ ئۆلۈمى ئەرزىيدىغان ئۆلۈم ... سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاسرىماساڭلار بولمايدۇ !

جاۋ ئانا پارتلاش جەريانىدا سۇي جۈنچۈەننىڭ كۆز مۇڭگۈز پەردىسىنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ قىزىدىن سورىدى :

—كۆزنىڭ مۇڭگۈز پەردىسى زەخىملەنسە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمامدۇ ؟

سۇي جۈنچۈەننىڭ قىزى مۇڭگۈز پەردىسىنى كۆچۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

جاۋ ئانا بىر ھازا چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن :

—شىنمىن قۇربان بولدى ، شىنمىننىڭ كۆزىنىڭ مۇڭگۈز پەردىسىنى ئالايلى !- دېدى .

شۇ كۈنلەردە ياشىنىپ ، ئاجىزلاپ قالغان جاۋ ئانىنىڭ كۆز يېشى ئازىيىپ ، سەبداشلىرىنىڭ كۆز يېشى كۆپىيىپ قالدى . لېكىن ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جاۋ ئانىنىڭ ھەر كۈنى كېچىدە يۇم - يۇم يىغلاپ تۈن بويى كۆز يۇمماي چىقىۋاتقانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم بايقاپ قالدى...

شىمىن ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى تاۋ خۇڭجۈن زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى :

—جاۋ موماي ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان قەھرىمان ئانا ئىكەن !

ئىدارە باشلىقى دۇ جيەنشى مۇنداق دېدى : «خەلق ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئادەم يالغۇز شىنمىنلا ئەمەس ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قان ئاققۇزۇشلار ، قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە خەلقنى قوغداش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز . ھەر بىر ساقچى ھەر ۋاقىت قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشى كېرەك» .

جاۋ شىنمىننىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى . ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ، يولداش جاۋ شىنمىننىڭ سەبداشلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى بەس - بەستە يېتىپ كېلىپ ، قەھرىمانغا چوڭقۇر ئېھتىرام ۋە تەزىيە بىلدۈردى ھەمدە ئۆزلۈكىدىن پۇل ئىئانە قىلدى .

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىبى ئايۇپ تىيىپ ، مۇئاۋىن باش كاتىبى ، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى ياڭ جاۋجى ، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭ دېلۇ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى

گو ليەنشەن جاۋ شىنمىن جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقان مەزگىلدە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، سىياسى - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ، ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ياڭ گاڭ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى نۇر بەكرى قاتارلىق يولداشلار ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ، ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى يولداش جاۋ شىنمىننىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى بەس - بەستە خەۋەر قىلدى .

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يولداش جاۋ شىنمىننىڭ مېيىتى ئۇزىتىلىدىغان كۈن ئىدى . نەچچە مىڭ ساقچى يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى ، نەچچە تۈمەن ئامما قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئۆزلۈكىدىن يول بويلىرىغا چىقىپ قەھرىماننىڭ مېيىتى سېلىنغان ئاپتوموبىلنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى جاۋ شىنمىننى تونۇمايدۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە جاۋ شىنمىن خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ جاپالىق كۈرەش قىلىدىغان مىڭلىغان خەلق ساقچىسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى . ئۇلار جاۋ شىنمىندەك خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان ئوت يۈرەك ، قورقماس ساقچىلار بولغاچقىلا ، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك تىنچ ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى .

مىڭلىغان ساقچى ، خەلق مەرھۇم جاۋ شىنمىننى كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويۇشتى ، مېيىت ئاپتوموبىلى كېتىپ خېلى ئۇزاقلىقچە ، ئۇلار قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ جايىدا جىم تۇردى .

ساقچىلار ئۈچۈن سەبدىشىنى ئۇزىتىپ قويۇش تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى ، ئۇلار شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان سەبداشلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتالمايدۇ :

1992 - يىلى ساقچى پېڭ جىڭجۈن ئاممىنى قارا نىيەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىش جەريانىدا ، قوللىرىغا پىچاق ئېلىۋالغان ئۈچ نەپەر قارانىيەت بىلەن قانلىق ئېلىشىپ ، بەختكە قارشى قۇربان بولدى .

1999 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ساقچى مۇرات رۇستەم زوراۋان ، تېررورچىلارنى قولغا ئېلىش داۋامىدا ، باتۇرلارچە قۇربان بولدى .

بۈگۈن يەنە جاۋ شىنمىن ئۇزىتىپ قويۇلدى...

ئامما : «جاۋ شىنمىندەك قورقماس ، باتۇر ، ياخشى ساقچىلار بولغاچقا ، 2002 - يىلىدىكى باھار پەسلى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك چاغ بولدى . بىز بۇ باھارنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمىز» دېيىشتى .

جاۋ شىنمىننىڭ بىر تۇردىشى مۇنداق سۆز قالدۇرۇپ قويدى : «ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىك يامراپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە سىز ھەممەيلەننىڭ مەبۇدىمىز !»

سۈچىلىق نازارىتىدە ئىشلەيدىغان ياڭ ئەپەندى تۆت ياشلىق ئوغلىنى باشلاپ قەھرىماننى ئۇزىتىپ قويۇش مۇراسىمىغا كېلىپ مۇنداق دېدى : «جاۋ شىنمىننىڭ خېيىمخەتەردىن قورقمايدىغان روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ، ئوغلۇمنى كىشىلىك دۇنيادىكى ھەققانىيەت ، باتۇرلۇقنى كىچىكىدىن باشلاپ بىلسۇن ، دەپ ئېلىپ كەلدىم» ...

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ج خ مىنىستىرى جيا چۈنۋاڭ يولداش جاۋ شىنمىنغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ج خ سىستېمىسىدىكى «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ نام بېرىش ھەققىدىكى بۇيرۇققا ئىمزا قويدى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، يولداش جاۋ شىنمىنغا «مۇنەۋۋەر كوممۇنىست» ، «ئىنقىلابىي قەھرىمان» ، «چېگرا شەھىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەردى .

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى داغدۇغىلىق ھالدا نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى يولداش جاۋ شىنمىندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى .

**قەمبەرگۈل ئابلىمىت تەرجىمىسى**



# جىنايەت يوقالمىدۇ

ۋاڭ خەيپىڭ ، لى دۇڭخۇا

2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ، ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى تەشۋىقات ۋاستىلىرى شەھەرلىك خ ج ئىدارىسىنىڭ شى جيەنجۈن قاتارلىق تۆت ئاساسىي جىنايەتچىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 200 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلاننى خەۋەر قىلدى . ساقچىلارنىڭ تۇنجى قېتىم قاتىلنى تۇتۇپ بەرگۈچىگە مۇكاپات بەرمەكچى بولغانلىقى ئاممىنىڭ ناھايىتى زور دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى ، پاش قىلىش تېلېفونى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىرەيلەن تېلېفون بېرىپ ، ئۆزى ھەمىشە ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ گېزىتكە بېسىلغان «شى جيەنجۈن» دېگەن جىنايەت گۇماندارىنىڭ سۈرىتىگە ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقى ، ساقچىلار تۇتماقچى بولۇۋاتقان ئاساسىي جىنايەتچى شۇمىكىن دەپ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ 1 - چوڭ ئەترىتى بۇ كىشىنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن تېزدىن ساقچى چىقىرىپ ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭەنكۆل كەنتىدە شى جيەنجۈننى قولغا چۈشۈردى . شۇنىڭ بىلەن 1999 - يىلى 4 - ئايدا قاتىللىق قىلغان ، جەسەت يوشۇرغان ، جەسەت يۆتكىگەن ، جەسەت كۆيدۈرگەن ، ساقچىلار كۆپ قېتىم قوغلاپ تۇتماقچى بولغان جىنايەت گۇماندارى شى جيەنجۈن ئاخىر قانۇن تورىغا چۈشتى . جىنايەت گۇماندارىنى ئاكتىپ پاش قىلغان ھېلىقى كىشىمۇ ساقچىلار ۋەدە قىلغان نۇرغۇن مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشتى .

## سېسىپ كەتكەن جەسەت

1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتاي يولى تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق جاڭ بوۋاي ئۆزىنىڭ بىكار تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ئۆزىنى مايشىنا زاپچاسلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەۋالغان بىر يىگىتكە ئىجارىگە بەردى ، ئۇ بۇ ئۆينى ئامبار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئىككىيلەن ئۆي ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى ، يىگىت كېلىشىمنامىنى يېزىپ بولۇپ ، لى جياگتاۋ ، دەپ ئىمزا قويدى . لى جياگتاۋ تۇنجى ئايلىق ئۆي ئىجارىسى ھېسابىدا بوۋايغا 200 يۈەن تاپشۇردى .

1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جاڭ بوۋاي ئىككىنچى ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى ئالغىلى باردى ، ئەمما ئىشىك قۇلۇپلانغانىدى ، ئىشىك يوچۇقىدىن ئىسلانغان ئالامەتلەر ۋە باشقىچە پۇراقلار بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىپ تۇراتتى . بوۋاي ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ ، قۇلۇپنى چاقتى . ئۆتكۈر سېسىق پۇراق ئۇنى ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى . بوۋاي ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى : ئۆينىڭ ئوتتا كۆيدۈرۈلگەنلىكى ئېنىق بولۇپ ، تاملارنىڭ ھەممىسى قارىداپ كەتكەنىدى ، ئوتتۇرىدىكى

تاختاي كارىۋاتتا تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان چوڭ بىر قەغەز ساندۇق تۇراتتى. ئۇ قەغەز ساندۇقتا ئالا ـ چىپار ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلىۋېتىلگەن، سىبىسىپ كەتكەن بىر جەسەت تۈگۈلگىنىچە ياتاتتى. تەكشۈرگۈچىلەر نەق مەيداندىن 15 كىلولۇق بېنزىن تۇڭى، تۇترۇق قىلىنغان پاختا شوينا، چاقماق قاتارلىق ئوت قويۇش قوراللىرى ۋە باشقا دەلىل ـ ئىسپات بۇيۇملىرىنى ئېلىۋالدى.

## قاتىلنى بېكىتىش

تېخنىك خادىملار نەق مەيداننى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش داۋامىدا تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان، ئىسمى جاڭ جيەنيوڭ، شىخەنزىلىك دەپ يېزىلغان بىر كىملىك تېپىۋالدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ جاڭ جيەنيوڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن، جاڭ جيەنيوڭنىڭ ھايات چېغىدا ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم شىركەتنىڭ كەسپىي خادىمى ئىكەنلىكى، 1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئىلگىرى شىركەتتىن شىخەنزىگە قايتىپ ئۆي سېتىۋالىدىغان پۇل يىغىپ كېلىمەن دەپ رۇخسەت سورىغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. تەكشۈرگۈچىلەر رەت تەرتىپى بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جاڭ جيەنيوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋاقىت تەخمىنەن 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ، 7 ـ كۈنلىرى دەپ ئانالىز قىلىشتى.

تېخىمۇ كۆپ يىپ ئۇچى ۋە دەلىل ـ ئىسپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ يۇڭلۇ، 1 ـ ئەترەتنىڭ باشلىقى جاڭ چىڭ بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ، تەكشۈرۈش خادىملىرى بىلەن شىخەنزىگە تەكشۈرۈپ دەلىل ـ ئىسپات ئېلىشقا باردى. جاڭ جيەنيوڭنىڭ لايىقى دۆەن خېنىم ۋە ھايات چېغىدىكى دوستلىرىدىن تەكرار سوراش داۋامىدا، ئۇلار 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جاڭ جيەنيوڭنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەندە بىر ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى، جاڭ جيەنيوڭ ئۇنى «ئاغىنەم» دېگەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى. ئۇنىڭ بۇ «ئاغىنىسى» نىڭ پامىلىسى «شى» بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ شىخەنزە يېڭى شەھەرنىڭ 4 ـ كىچىك رايونى ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى نېمىلىكى، كونكرېت نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

قولغا چۈشكەن يىپ ئۇچى ناھايىتى چەكلىك، ناھايىتى مۇجمەل ئىدى، ئەمما يوق دېيەرلىك، قارىماققا يەنە تومتاقلا بىلىنىدىغان ئۇ يىپ ئۇچى تەكشۈرگۈچى خادىملارنى گۆھەر تېپىۋالغاندەكلا خۇش قىلىۋەتتى. ئىزدەپ رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتى جاپالىق، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى رازۋېدكىچىلارغا ماسلىشىپ، چۈشتىن ئاۋۋال يېرىم كۈن ئەھۋال تەكشۈرگەن دۆەن خېنىم رازۋېدكىچىلار بىلەن بىللە كوچىدا چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپلا ھېلىقى تونۇش گەۋدىنىڭ ۋېلىسىپىت مىنگىنىچە يېنىدىن شارتتىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. دۆەن خېنىمنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇ ھېلىقى گەۋدە يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ساقچىلارغا:

— ئاشۇ كۈنلەردە ھەمىشە جاڭ جيەنيوڭنىڭ يېنىدا يۈرگەن «ئاغىنىسى» شۇ! ـ دەپ شىۋىرلىدى.

ئۇ بۇ گەپنى بەك كېچىكىپ دېگەنىدى، رازۋېدكىچىلار ئورنىدىن دەس تۇرغىنىدا ھېلىقى كىشى ئۇلاردىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ، ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك، ۋېلىسىپىتنى جان ـ جەھلى بىلەن تېپىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. رازۋېدكىچىلار بار كۈچى بىلەن قوغلىدى، ئەمما ۋېلىسىپىت ئۇستىلىق بىلەن بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن غايىب بولدى.

رازۋېدكىچىلار ئۇنى كۆرگەن جايغا قايتىپ كېلىپ، ئەتراپتىكى ئاممىدىن سورىغاندىن كېيىن، بۇ ئەبلەخنىڭ يېقىن ئارىدىكى بىر بانكىدىن چىققانلىقىنى ئۇقتى.

بانكىدا تار كوچىغا كىرىپ يوقاپ كەتكەن ئەرنىڭ شى جيەنجۇن ئىكەنلىكى تېزلا ئېنىقلاندى. يەنە شى جيەنجۇننىڭ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بانكىغا 28 مىڭ يۈەن پۇل قويغانلىقى، ئارقىدىن يەنە

ئىككى قېتىمدا 5000 يۈەن ئالغانلىقى مەلۇم بولدى . شى جيەنجۈننىڭ سۈرىتى جاڭ جيەنيۇڭنىڭ دوستلىرىغا كۆرستىلىۋېدى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ كىشىنىڭ جاڭ جيەنيۇڭ بىلەن بىرگە يۈرگەن «ئاغىنىسى» ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىشتى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شى جيەنجۈن ھېلىقى كۈنى دۈەن خېنىم بىلەن رازۋېدكىچىلارغا سېزىلىپ قېلىپ ، ئۇلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆيىگە زادىلا قايتىپ كەلمىدى .

شى جيەنجۈنگە بولغان تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ گۇمانلىق نۇقتىلار كۆپىيىۋاتقان چاغدا ، رازۋېدكىچىلار قانۇن بويىچە شى جيەنجۈننىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى . ئاختۇرۇش داۋامىدا «لى جياڭتاۋ» دەپ ئىمزا قويۇلغان «ئۆي ئىجارە كېلىشىمى» ، ئۇرۇمچىدىكى جەسەت كۆيدۈرۈلگەن نەق مەيداندا جاڭ جيەنيۇڭنىڭ جەسىتى باغلانغانغا ئوخشاش ئالا ـ چىپار ئارغامچا ۋە جاڭ جيەنيۇڭنىڭ باشقا بۇيۇملىرىنى بايقىدى .

شۇنىڭ بىلەن شى جيەنجۈن «9 ـ ماي» قاتىللىق قىلىپ جەسەت كۆيدۈرۈش دېلوسىدىكى جىنايەت گۇماندارى دەپ بېكىتىلدى ، رازۋېدكا خىزمىتى ئاساسەن شى جيەنجۈننى قولغا ئېلىشنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلدى .

## قاتىلنى تۇتۇش

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى 1 ـ چوڭ ئەترىتىدىكىلەر ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدە شى جيەنجۈننى قوغلاپ تۇتۇشنى زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمىدى . ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى ما ۋېينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، ئۇلار ھەر يىلقى چوڭ ـ كىچىك بايراملارنىڭ ھەممىسىنى شىخەنزىگە بېرىپ شى جيەنجۈن ئائىلىسىدە ئۆتكۈزدى . ئەمما ، شى جيەنجۈن ناھايىتى مەككار ئىدى ، زادىلا ئۆيىگە قايتىپ ھېيت ـ بايرام قىلىپ باقمىدى ، رازۋېدكىچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق تۇتۇش ھەرىكىتى بىكارغا كەتتى ، لېكىن ئۇلاردا ۋاز كېچىش نىيىتى ئەسلا كۆرۈلمىدى .

«ئامىمۇۋى لۇشيەندە مېڭىش» ج خ خىزمىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭگۈشتىرى ئىدى ، خەلق ساقچىلىرى ئۆزىنىڭ تەدبىرلىكى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ۋە چۈشىنىشى بولسىلا ، ئاخىرقى ھېسابتا جىنايەتچىلەرنى جازالىيالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى .

2001 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى —قاتىلنى تۇتۇپ بەرگۈچىگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، شى جيەنجۈن يۈز مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدىن تونۇۋېلىندى . جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتىدىكىلەر قولغا ئېلىش خىزمىتىگە قارىتا تېزدىن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدە ، قاتىللىق قىلىپ كىشىلەر ئارىسىغا ئۈچ يىلدەك يوشۇرۇنىۋالغان جىنايەت گۇماندارى شى جيەنجۈننى ئىجارىگە ئېلىپ مۆكۈنىۋالغان ئۆيىدە قولغا چۈشۈردى .

## قاتىللىق قىلىش

1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ، جاڭ جيەنيۇڭ ئاغىنىسىغا ئىشەنگەنلىكتىن ئۆي ئېلىشقا يىغقان 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى يېنىغا سېلىپ شى جيەنجۈننىڭكىگە كەلدى ـ دە ، ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن بۇ «ئاغىنىسى» بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتى .

ئەمما شى جيەنجۈن جاڭ جيەنيۇڭنىڭ تومپىيىپ تۇرغان سومكىسىدىكى ئۈچ باغلام پۇلنى كۆرگىنىدە ، كۆڭلىدە بىر يامان نىيەت پەيدا بولدى .

شۇ كۈنى ئىككىسى تانسىخانىغا باردى . شى جيەنجۈن بالدۇر قايتىپ كەتتى .ئەتىسى تاڭ سەھەر سائەت بىر يېرىملار ئۆپچۆرىسىدە ، ھاراق ئىچىۋالغان جاڭ جيەنيۇڭمۇ شىخەنزە يېڭى شەھەر 4 ـ كىچىك رايونىدىكى شى جيەنجۈننىڭ ئۆيىگە دەلدەڭشىگىنىچە قايتىپ كېلىپ ، يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى .

شى جيەنجۈن ئۇيقىغا غەرق بولغان «دوستى» غا قاراپ ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇن پۇلنى ئويلاپ ، مىق يۇلىدىغان بولۇقنى قولغا ئالدى ـ دە ، ھەش ـ پەش دېگىچىلا جاڭ جيەنيۇڭنىڭ جېنىنى ئالدى .

شى جيەنجۈن قاتىللىق قىلىپ ، جەسەتنى ئالا ـ چىپار



ئارغامچا بىلەن باغلاپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتكەندىن كېيىن ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ جاڭ بوۋاينىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدى ، ئاندىن شىخەنزىگە قايتىپ كېلىپ ، جاڭ جيەنيۇڭنىڭ جەسىتىنى توڭلاتقۇ سالغان قەغەز ساندۇققا سالدى ــ دە ، شىخەنزىدىن كىچىك تىپلىق بىر ماشىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ ، جەسەت بىلەن جاڭ جيەنيۇڭنىڭ بەزى لازىمەتلىكلىرىنى ئۈرۈمچىدىكى ئالدىنئالا «ئىجارىگە ئېلىپ قويغان» ئۆيىگە يۆتكەپ كەلدى . قورقانلىقى ۋە «ئېھتىيات» قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ، دېرىزىنى ئاق قەغەز بىلەن «شامال ئۆتۈشمىگىدەك» قىلىپ چاپلىۋەتتى . 15 كىلو بېنزىننى جەسەتكە ۋە ئۆيگە شارىلدىتىپ تۆكۈپ ، ئاندىن بېنزىنغا ئوت قويىۋەتتى...

شى جيەنجۈن ئەسلىدە لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت جىنايىتىمنى يوشۇرۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى ، ئەمما «ئىش تامام ، ۋەسسالام» دەپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئوتنىڭ تاسادىپىي ئۆچۈپ قېلىشىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى .

شى جيەنجۈن جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ ، شىخەنزىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىگە «تەۋە» بولغان پۇلدىن خاتىرجەم بەھرىلىنىشكە باشلىدى . 5000 يۈەنگە يېقىن پۇلنى بۇزۇپ چاچقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئەسلىدىلا ئۆزىگە تەۋە بولماسلىقى كېرەك بولغان بۇ ھارام پۇلنى ئېلىۋېلىش پۇرسىتى زادىلا كەلمىدى . 1999 ــ يىل 5 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنى ، رازۋېدكىچىلار شى جيەنجۈن جىنايەت سادىر قىلدى دەپ تونۇغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بانكىدىكى ھېساباتىنى دەرھال توڭلىتىۋەتتى .

شى جيەنجۈن ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى قوغلاپ تۇتۇشتىن باشتىن ــ ئاخىر ۋاز كەچمىگەنلىكىنى بىلگەچكە ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىشكە زادىلا پېتىنالماي ، ئىسمىنى خەن ۋېيگە ئۆزگەرتىۋالدى ، ئۈرۈمچىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ ، ئەتىدىن كەچكىچە دەككە ــ دۈككە ئىچىدە يۈردى .

شى جيەنجۈن قوغلاپ تۇتقۇچىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئىسمىنى «خەن ۋېي» دەۋالدى ، ئەمما «خەن ۋېي» ھەر بىر كۈنىنى غايەت زور بېسىم ۋە ئەندىشىنى كۆرەش ئىچىدە ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۆزىنى مەلۇم قىلىش خىيالىغا كەلگەن ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ، قاباھەتلىك چۈشتىن بۇرۇنراق قۇتۇلماقچىمۇ بولغان ، ئەمما ئۆلۈمدىن قورققان ! ئۆزى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئوغرىلىقچە ياشىغان بولسىمۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايانكەن .

## خاتىمە

*پۇلنى دەپ دوستىنى ئۆلتۈرگەن ، جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن جەسەت يوشۇرغان ، جەسەت يۆتكىگەن ، جىنايى پاكىتنى يوقىتىش ئۈچۈن جەسەت كۆيدۈرگەن ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسمىنى يوشۇرغان ... ئىشلەتمىگەن ھىيلە ــ مىكىرلىرى قالمىغان شى جيەنجۈن باشتىن ــ ئاخىر مۇنداق بىر ئاددىي قائىدىنى ، يەنى «خەق بىلمىسۇن دېسەڭ ، قىلما» دېگەن ھېكمەتنى چۈشەنمىگەن .*

*شى جيەنجۈن تورغا چۈشكەندىن كېيىن ، رازۋېدكىچىلار ئۇنى ئەينى يىلى ئۇ قاتىللىق قىلغان ، جەسەت كۆيدۈرگەن جايغا ئاپىرىپ نەق مەيداننى تونۇتتى . ھاڭۋاققىنىچە قاراپ تۇرغان شى جيەنجۈن ئەينى يىلى جىنايەت پەيدا قىلغان كونكرېت ئورۇن ۋە تەپسىلاتلارنى كويزا سېلىنغان قوللىرى بىلەن شەرەتلەپ كۆرسەتتى .*

*ئۇ نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى «ئېسىمدە قالماپتۇ» دېدى . لېكىن ، نەق دەلىل ــ ئىسپاتلارنى ئىگىلىگەن رازۋېدكىچىلار ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا مىقتەك قادالدى ، ئۇلار گۇمانلانغىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا شى جيەنجۈنگە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتتى : بەزى ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋە بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن بارا ــ بارا سۇسلىشىشى ، مۇجمەللىشىشى ، ھەتتا ئۇزۇل ــ كېسىل ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن ، ئەمما بەزى ئىشلار ، مەسىلەن ، جىنايەت ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ !*

**غوپۇر قادىر تەرجىمىسى**



# ئۆلكە ھالقىپ زوراۋانلارنى يوقىتىش

گاۋ ياۋفېڭ

## سارايۋەننىڭ يېرىم كېچىدە ئۆلتۈرۈلۈشى

2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆتتىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە ، گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيىسى ۋېنفېڭ بازارلىق ساقچىخانىنىڭ تېلېفونى جىددىي جىرىڭلىدى ، ئۇخلىغىنىغا تېخى ئىككى سائەتمۇ بولمىغان نۆۋەتچى ساقچى چۆچۈپ ئويغىنىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى . تېلېفون مۇشۇ بازاردىكى ليەنچاۋ دوستلۇق سودا سارىيىنىڭ خوجايىنى لى بودىن كەلگەن ئىدى . ئۇ : «20 مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئىنىم لى جەنلۇڭنى ئۆزىنىڭ سودا سارىيىدا بىرسى ئېتىۋەتتى ، ھازىر ئۇ دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇلىۋاتىدۇ» دەپ دېلو مەلۇم قىلدى .

نۆۋەتچى ساقچى دەرھال ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇشۇ ساقچىخانىدا تۇرۇشلۇق 2 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى شى ۋېينى ئويغاتتى . شى ۋېي ساقچىخانىدىكى بارلىق ساقچىلارنى يىغىپ دېلو يۈز بەرگەن جايغا يۈرۈپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىدارىدىكى نۆۋەتچى رەھبەر تۇڭ يەنبىنگە تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال مەلۇم قىلدى .

ئۇلار يېرىم يولغا بارغاندا ، لى جەنلۇڭنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىلىق تېلېفون كەلدى .

ليەنچاۋ سودا سارىيى مۇشۇ بازاردا بولۇپ ، ۋېنفېڭ مېھمانسارىيىنىڭ بىر قىسمىنى ئىجارىگە ئالغان ئايرىم ھويلا ئىدى . لى جەنلۇڭ ياتقان كارىۋاتتىن «64» تىپلىق تاپانچىنىڭ بىر تال مېشىكى تېپىلدى .

لى جەنلۇڭنىڭ ئايالى قورقۇپ كەتكىنىدىن غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ، گەپلىرى قولاشمىغان ھالدا ئەھۋال تونۇشتۇردى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، يېرىم كېچىدە ئىشىكنى چەككەن ئاۋاز ئاڭلانغان ، ئۇ «مانا ھازىر» دېگەندە ، لى جەنلۇڭمۇ ئويغىنىپ ئۇنىڭغا «سەن ئۇخلاۋەر» دەپ قويۇپ ، «ئىشىكنى چەككەن كىم ؟» دەپ توۋلىغان . جىنايەتچىلەر لى جەنلۇڭنىڭ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ كىرىپ ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان لى جەنلۇڭغا قارىتىپ ئوق چىقارغان . ئايال كارىۋاتتا ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا قارىتىپ تەپكىنى باسقانىكەن ، ئوق چىقمىغان . جىنايەتچىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ لى جەنبياۋنى چاقىرغان .

لى جەنلۇڭنىڭ ئىنىسى لى جەنبياۋ يانىدىكى ئۆيدە بولۇپ ، ئوق ئاۋازىدىن كېيىنلا يەڭگىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئالدىراپ چىققان . بۇ تۆت چاسا ھويلا بولغاچقا ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان جىنايەتچىلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان . قاتىللار ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ ، تاپانچا ئېتىلماي قالغان . لى جەنبياۋ تام تۈۋىدىكى كالتەكنى ئېلىپ قاتىللارغا ئېتىلغاندا ، ئۇلار قېچىپ

كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال ئاكىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپارغان .

لى جەنبياۋنىڭ ئېيتىشىچە ، قاتىلنىڭ بويى 1 . 60 مېتىر ئەتراپىدا ، بېشى كىچىك ، سېمىز ، قارامتۇلراق ، قارا خۇرۇم چاپان كىيىۋالغانىكەن . ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ھويلىدىكى باشقا ئۈچ ئايال ئىشلەمچىمۇ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققان ، ئۇلار جىنايەتچىنى ئارقىسىدىن كۆرگەن بولۇپ ، دېگەنلىرى لى جەنبياۋنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى .

## جىنايەتچى زادى كىم ؟

لى فامىلىلىك ئاكا ـ ئىنىنىڭ تىجارەت قىلىۋاتقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى ، ئەل ـ ئاغىنە ، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن ئاداۋىتى يوق بولۇپ ، قان تۆكۈشكىدەك ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن سۆز ئېچىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى . ئەمما ، تىجارەتتە رەقىبى بار ئىدى . ئۇلار ئالدى بىلەن بىر توپ خۇنەنلىكلەردىن گۇمان قىلىشتى . مۇشۇ بازاردىكى سودا رەقىبى لى شىپىڭ قىلغان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى .

لۇڭشى ئەزەلدىنلا كۆچ ئىگىلىرىنىڭ تاللىشىدىغان جايى بولۇپ ، تارىختا ئاۋات بولۇپ كەلگەن ئورۇن ئىدى . ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە لەنجۇ ـ ليەنيۇنگاڭ تۆمۈر يولى بۇ جايدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ يەر يەنە سودا نۇقتىسىغا ئايلانغانىدى . يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ، بۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتى ، يامغۇر مىقدارى ، تۇپراق سۈپىتىدىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ، لۇڭشى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ناھىيە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىيدىغان بېيىش يولىنى تاپتى ، شۇنداق قىلىپ چوڭ دورا ماتېرىياللىرى بازىرىغا ئايلاندى ، دورا ماتېرىياللىرى ئوبوروتى 40 مىڭ تونىنغا ، پۇتۇشۇش سوممىسى 400 مىليون يۈەنگە يېتەتتى .

لى جەنلۇڭ دورا ماتېرىياللىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى ، ئۇ دورا ماتېرىياللىرىنى ئاساسلىق خۇنەنلىكلەرگە ساتاتتى . ئۇ مۇشۇ بازاردىكى لى شىپىڭ بىلەن ئوخشاش ئوقەت قىلىدىغان بولۇپ ، ئوخشاش بىر ئۆلكىگە ساتاتتى ، شېرىكلىرىمۇ ئاساسەن بىر ئىدى ، شۇڭا ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا خۇنەنلىك خېرىدارلارنى تالىشىپ زىددىيەت پەيدا بولغانىدى .

2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋدۇڭ ناھىيىسى ليەنچاۋ بازىرىلىق دېھقان جۇ ئەندۇڭ لۇڭشى ناھىيىسىنىڭ قاتناش مېھمانسارىيىنىڭ بىر قەۋىتىنى ئىجارىگە ئېلىپ سودا سارىيى ئاچقان ھەمدە ئىنىلىرى جۇ ئەنچۇ ، جۇ ئەنۋېنلەر بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان . جۇ ئائىلىسىنىڭ 8 ـ بالىسى بولغان جۇ ئەنۋېن زەھەرگە خۇمارلىقى ، قىمارۋازلىقى ، بۇزۇقچىلىقى بىلەن دەسمايىنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكتىن ، بۇ سارايمۇ تاقىلىپ قالغان . جۇ ئەندۇڭ خۇنەندىن لۇڭشىغا كېلىپ ئىنىسىنى ئەدەبلىگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئوقەتنى يىغىشتۇرغان .

جۇ ئەندۇڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋدۇڭ ناھىيىسى ليەنچاۋ بازىرىدا ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ليەنچاۋ بازىرىدا دورا ـ دەرمەك تىجارىتى قىلىپ باققان بولغاچقا ، بۇ ئوقەتنىڭ ئېپىنى خېلى بىلەتتى . كېيىن ئۇ تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ جاپالىق ئىش ئىكەنلىكى سېزىپ ، بىر توپ قولاق كەسىتنى ياللاپ ، ليەنچاۋ بازىرىدىكى دورا ـ دەرمەك توپ تارقىتىشتىن قوغداش ھەققى ئالىدىغان «ئوقەت» نى قىلىشقا باشلىغان . بۇ دەرۋەقە قولغا پۇل ئاسان كېلىدىغان ئىش بولۇپ ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ نەچچە مىليون يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان .

ھازىر مەملىكەت بويىچە خۇنەن ـ ليەنچاۋ ، ئەنخۇي ـ خاۋجۇ ، خېبېي ـ ئەنگو ، ۋېنفېڭ ـ سىچۈەن ، چىڭدۇدىن ئىبارەت بەش چوڭ دورا ماتېرىياللىرى بازىرى شەكىللەندى . جۇ ئەندۇڭ پۇلىنىڭ كۆپلۈكى ، ياۋۇزلۇقى ، قاتتىق قوللۇقى بىلەن نام چىقىرىپ تەدرىجىي ھالدا ليەنچاۋ دورا ماتېرىياللىرى بازىرىنى كونترول قىلىۋالغان . بۇ بازارغا كىرگەن ۋە بۇ يەردىن چىققان مالنىڭ ھەممىسىدىن ئۇ ماشىنا بويىچە ھېسابلاپ قوغداش ھەققى ئالاتتى . بەش توننىدىن تۆۋەن مال باسقان ماشىنىلاردىن 500 يۈەن ، بەش توننىدىن يۇقىرى يۈك باسقان ماشىنىلاردىن 800 يۈەن ، ئالتە توننىدىن يۇقىرى يۈك باسقان ماشىنىلاردىن 1000 يۈەن قوغداش ھەققى ئالاتتى . ئەگەر پۇلنى بەرگىلى ئۇنىمىسا ، ياللىۋالغان قولاق كەسىتلىرىنى ئىشقا سالاتتى ـ دە ، ئېغىر بولسا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى ، يېنىك بولغاندا مېيىپ قىلىپ

قوياتتى . شۇڭا ، ئۇ ليەنچاۋ بازىرىنىڭ دورا ـ دەرمەكچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ باي ئادەمگە ئايلانغاندى . باشقىلارنى دېمىگەندىمۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنفېڭ بازىرىدىكى لى شىپىڭلا 1999 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا جۇئەندۇڭغا تۆلىگەن قوغداش ھەققى 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەن . ئۇنىڭ شەخسىي كىرىمى يەرلىك سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ئورنى ۋە باج ئورنىنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى . ئەلۋەتتە ، ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن قانۇنلۇق دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ قويغانىدى .

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لۇڭشى ناھىيىسىدىكى «ليەنچاۋ سودا بازىرى» نىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇشۇنداق ئىدى . بىراق ، جۇ ئەنچۇ بىلەن جۇ ئەنۋېن بۇ بازارنى سورۇۋەتكەنىدى . جۇ ئەندۇڭ ئىنىلىرىنىڭ سودىغا ئېپى يوقلۇقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگۈسى كەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارا نىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ، لۇڭشىلىق لى شىپىڭ بىلەن شېرىك ئوقەت قىلىش دېگەن ھىيلىنى ئويلاپ تاپتى . لى شىپىڭ دەسلەپىدە بۇنىڭغا ئۇنىمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئوقەتنى قىلىۋاتقىنىغا تۆت ـ بەش يىل بولغان بولۇپ ، مەبلىغى ، تەجرىبىسى ، رەسمىيىتى ، مال مەنبەسى ۋە خېرىدارى بار ئىدى ، ئۇنىڭ شېرىك ئوقەت قىلىش خىيالى يوق ئىدى . جۇ ئەندۇڭ ، جۇ ئەنچۇلارنىڭ قانداق نېمىلەر ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلەتتى . ئۇ جۇئەندۇڭ شايكىسىدىكىلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى بىكار قىلىپ ، «ليەنچاۋ سودا بازىرى» دېگەن نام ئاستىدا شېرىك ئوقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى .

بۇلتۇر لۇڭشىلىق لى جەنلۇڭ ئاكىسى ۋە ئىنىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر سودا سارىيى ئاچتى ، ئۇلارمۇ ماللىرىنى ئاساسلىقى خۇنەننىڭ ليەنچاۋ بازىرىدىكى دورا ماتېرىياللىرى بازىرىغا ساتاتتى . بۇ يىل چاغاندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ، لى جەنلۇڭ خېرىدار جەلپ قىلىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا سودىگەر چاقىرغىلى باردى . بىر خۇنەنلىك سودىگەر كېلىشكە ئۇنىمىغانلىقتىن ، ئىككىسى سوقۇشۇپ قېلىپ ، لى جەنلۇڭ ھېلىقى سودىگەرنىڭ بېشىنى يارىلاندۇردى .

بۇ خۇنەنلىك سودىگەرمۇ ليەنچاۋ بازارلىق دورا ـ دەرمەك بازىرىنىڭ دائىملىق چۆپقىتى ئىدى . ئۇمۇ ئادەتتە جۇ ئەندۇڭلارغا «قوغداش ھەققى» تاپشۇراتتى ، بۇ قېتىم ئۇ راستىنلا «قوغداش»قا مۇھتاج بولۇپ ، جۇ ئەندۇڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەردى . جۇ ئەندۇڭمۇ پۇرسەت تېپىپ غەربىي شىمالدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى ، نوپۇزىنى تىكلىمەكچى بولۇپ يۈرگەنىدى ، شۇڭا 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا جۇ ئەنچۇ ، جۇفېڭ ، جۇشياۋچاۋ قاتارلىق بەش كىشىلىك «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نى گەنسۇ تەرەپتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس لۇڭشىنىڭ ۋېنفېڭ بازىرىغا ئەۋەتتى . ئۇلار يېتىپ كېلىپ ، خۇنەندىن بۇ يەرگە سودىغا كەلگەن 50 نەچچە سودىگەرنى ھەمدە لۇڭشىدىن ليەنچاۋغا مال چىقىرىدىغان 10 نەچچە مال سودا سارىينىڭ خوجايىنىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى ، خەۋەر قىلىنغانلىكى ئادەم كەلمەي قويۇشقا پېتىنالمىدى . كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ تۇزۇت قىلىشتى . بۇ يىغىندا ئاتالمىش «قوغداش ھەققى ئېلىش توختامنامىسى» گە مەجبۇرىي ئىمزا قويدۇرۇلدى . ھەر بىر سودا سارىيى خوجايىنى توختامنامىگە كاپالەتلىك قىلىش زاكالىتى ھېسابىدا 30 مىڭ يۈەندىن تاپشۇردى .

لى جەنلۇڭ 25 ياش بولۇپ ، ئوقەتچىلىك ساھەسىدە كۆپ ئىش كۆرمىگەن بولغاچقا ، «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ، شۇ يەردىلا پۇل تاپشۇرۇشقا قارشى چىقتى . جۇ ئەنچۇنىڭ شېرىكلىرى ئۇنىڭغا : «قوغداش ھەققى تاپشۇرمىساڭ سودا قىلالمايلا قالماستىن ، جېنىڭنى ساقلاپ قالالمىقىڭمۇ قىيىن بولىدۇ» دېيىشتى . جۇ ئەنچۇ بۇ ئەھۋالنى ئاكىسى جۇ ئەندۇڭغا يانفون ئارقىلىق خەۋەر قىلدى ، جۇ ئەندۇڭمۇ خۇنەندە تۇرۇپ تېلېفوندا قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن تەھدىت سالدى .

لى جەنلۇڭ سودا سارىيى ئاچقاندىن بۇيان قوغداش ھەققى ئۈچۈن جۇ ئەندۇڭغا 130 مىڭ يۈەن تاپشۇرغانىدى . 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى جۇ ئەنچۇ لى جەنلۇڭغا تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭدىن 20 مىڭ يۈەننى ئالدىن تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . لى جەنلۇڭ ھازىر ئاي ئاخىرى بولۇپ قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ

تاپشۇرمىغانىدى . شۇنىڭ بىلەن جۇ ئەنچۇ شىيې جىنشىياڭ دېگەن بىرى بىلەن لىڭگې لەقەملىك بىرىنى خۇنەندىن لۇڭشىغا لى جەنلۇڭدىن پۇلنى سۈيلەپ ئېلىشقا ئەۋەتتى . 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لى جەنلۇڭ شىيې جىنشىياڭغا 16 مىڭ يۈەن تاپشۇردى ، شىيې جىنشىياڭ ھۆججەت يېزىپ بەردى .

جۇ ئەندۇڭ لى جەنلۇڭنىڭ ئىپادىسىدىن ناھايىتى خاپا بولدى . ئۇ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جۇ ئەنچۇ ، شىيې جىنشىياڭ ، جۇ ۋېيلىڭ ، جۇ شياۋچياۋ قاتارلىق بەشەيلەننى لۇڭشىغا ـــ لى جەنلۇڭغا تەھدىت سېلىشقا ئەۋەتتى .ئۇلار يەنە لۇڭشى ناھىيىسىگە قوشنا بولغان مۇھىم دورا ماتېرىياللىرى چىقىدىغان ئورۇن ـــ مىنشيەن ناھىيىسىگە بېرىپ خۇنەنلىك سودىگەرلەردىن 20 كىشىنى يىغىپ ، ھېچقايسىڭ لى جەنلۇڭنى مال بىلەن تەمىنلىمەيسەن ، كىمىكى ئۇنىڭغا مال ساتىدىكەن جېنىغا ئاگاھ بولسۇن ، دەپ تەھدىت سالدى . ئەلۋەتتە ، بۇ سودىگەرلەر ئارىسىدا لى جەنلۇڭنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ بار ئىدى . جۇ ئەنچۇلار كېتىشىگە ئۇلار لى جەنلۇڭغا خۇپىيانە تېلېفون بېرىپ : «خەق سېنىڭ مال مەنبەيىڭنى ئۈزمەكچىكەن . بىزگىمۇ ئامال يوق ، جۇ ئەندۇڭنىڭ شېرىكلىرى بەك ئەسكى نېمىلەر ، يۇرتىمىزدا ئۇلارنىڭ تەسىرى چوڭ ، ئائىلىمىز شۇ يەردە بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمايمىز» دېيىشتى .

لى جەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاكىسى لى بو ، ئىنىسى لى جەنبياۋلار بىلەن ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ مىنشيەن ناھىيىسىگە باردى ۋە 20 نەچچە خۇنەنلىك سودىگەر بىلەن بىرمۇ ـ بىر كۆرۈشتى ، ئەمما ئۇلار قورققىنىدىن لى جەنلۇڭلارغا گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى ، ئۈزرىنى ئۇلاردىن قاچۇردى . «ئادەمنى بۇنداق بوزەك قىلسا قانداق بولىدۇ ؟ قېنى كۆرۈپ باقايلى ، ئۇلار نېمە قىلالايدىكەن ، سىلەر بىزگە داۋالىق مال ئۈتكۈزۈۋېرىڭلار ، مەسىلە چىقسا ئۆزۈم جاۋابكار» دېدى لى بو .

لى ئائىلىسىنىڭ ئۈچ ئوغلى ياش ، قېنى قىزىق بولغاچقا ، ئەلۋەتتە ئۇتتۇرغىنىغا تەن بەرمەيتتى . ئۇلار خۇنەنلىك زومىگەرلەر گەنسۇغا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كېلەرمىدى ، دەپ ئويلايتتى .

جۇئەنچۇ قاتارلىق بەشەيلەن مىنشيەندىن لۇڭشىغا قايتقاندا لى شىپىڭنىڭكىدە تۇردى . بۇ بىر نەچچە كۈندە ئۇلار پىنھاندا خېلى كۆڭگىچە كۆسۈرلاشتى ، ئۇلارنىڭ نېمىنى مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لى جەنبياۋ بىر ماشىنا مال بېسىپ خۇنەنگە باردى . ئۇ شاۋدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ليەنچاۋ بازىرىدىكى دورا ماتېرىياللىرى بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ قايتىشىدا خۇنەننىڭ شۇڭفىڭ ناھىيىسى گەنتاڭ بازىرىغا كەلگەندە ، 50 نەچچە ياشتىكى بىر ئەر ئۇنىڭ ماشىنا نومۇرىنىڭ گەنسۇنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ماشىنىنى توسىدى :

ـــ سىز گەنسۇلۇقمۇ ؟

ـــ ھەئە ، ئىش بارمىدى ؟

ـــ ھەئە ، گەنسۇغا يۆتكەيدىغان مېلىم بار ئىدى ، ئېلىۋالارسىزمۇ ؟ باھادا كېلىشىپ قالىمىز .

ماشىنا قۇرۇق بولغاچقا ، بىر يول ماڭغانىنىڭ ماي پۇلى چىقسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ ، دەپ ئويلاپ ماقۇل بولدى . ھېلىقى ئادەم ماشىنىغا يول باشلاپ بىر تار كوچىغا كەلگەندە ئىككى موتسىكلىتلىق ئادەم لى جەنبياۋنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ 10 نەچچە مېتىر ئۈزىغاندىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ يولنى توسىدى . لى جەنبياۋ ماشىنىدىن چۈشۈۋېدى ، ھېلىقىلارنىڭ بىرى ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئاشۇ شۇ» دېيىشىگە ، يەنە بىرى لى جەنبياۋغا ئوق چىقاردى . ئېتىلغىنى چاچما ئوق بولۇپ ، لى جەنبياۋنىڭ پۇتىغا قارىتىپ ئېتىلغانىدى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشكەندە يول باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ئادەم قېچىپ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى .

لى جەنبياۋ شۇ چاغدا ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدى .

لى بو لۇڭشىدىن گەنتاڭغا بېرىپ لى جەنبياۋنى ئېلىپ كەتتى . ئۆلكە مەركىزى لەنجۈدىكى دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن چاچما ئوقتىن 20 نەچچىسى ئېلىۋېتىلدى . بۇ قېتىم لى جەنلۇڭ ئۆلتۈرۈلگەندە ، لى جەنبياۋنىڭ لەنجۈدىكى دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئىككى كۈنلا بولغانىدى .

ئىش ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى . ج خ ئىدارىسىدىكى بىر قانچە رەھبەر ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «31 ـ ماي» مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى

قورۇشنى قارار قىلدى . ئىدارە باشلىقى جاڭ گۋاڭجى گورۇپپا باشلىقلىقىنى ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دۇڭ يۇنفېي ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياڭ دېشەنلەر مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى . ۋەزىپىنى 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەت ئۈستىگە ئالىدىغان ، 1 ـ ئوتتۇرا ئەترەت ماسلىشىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، دېڭشى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىغا مەلۇمات يوللاندى ، ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىمۇ ئۈچ رازۋېدكىچىنى ھەمكارلىششقا ئەۋەتتى .

## نىشان مۇقىملاشتى

مەخسۇس دېلو گورۇپپىسىدىكىلەر ئاۋۋال تاكسى شوپۇرلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەش قارارىغا كېلىشتى . ئادەم ئۆلتۈرۈش قەستىدە يۈرگەن ئادەم تاكسىغا چىقماي قالمايتتى . ساقچىلار لى جەنبياۋ قاتارلىقلار ئېيتقان ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تاكسى شوپۇرلىرىدىن بىرمۇ ـ بىر ئەھۋال ئۇقۇشتى .

ئىككى شوپۇر ئاشۇنداق يىگىتنى يولۇقتۇرغانلىقىنى ، ئەمما يېنىدا يەنە بىرىنىڭ بارلىقىنى ، 22 ـ 23 ياشلاردا ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى . شوپۇرلارنىڭ بىرى بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغانلىقىنى ، 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئىككىيلەننىڭ ۋېنفىڭ مېھمانسارىيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا لى جەنلۇڭنى پايلاپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى . بۇ شوپۇر بىر يانفون نومۇرى بىلەن تەمىنلەپ ساقچىلارنى خۇش قىلىۋەتتى . ئەسلىدە بۇ ئېرىنچەكى يوق شوپۇر بولغاچقا ، ھېلىقى ئىككىيلەن ئۇنىڭ يانفون نومۇرىنى يېزىۋالغان ، ئۆزلىرىنىڭ يانفون نومۇرىنىمۇ شوپۇرغا قالدۇرغانىدى . بۇ يانفونغا تۆت كۈندە 11 قېتىم تېلېفون قىلغان بىر تېلېفون بار ئىدى . بولۇپمۇ 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئالتىدە سۆزلىشىلگەن ۋاقىت تۆت مىنۇتقا يەتكەنىدى .

بۇ مۇقىم تېلېفوننىڭ ئىگىسى سۈن خۇالىڭ ئىسىملىك بىرى ئىدى . سۈن خۇالىڭنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ بوش ئۆيى بار بولغاچقا ، لى شىپىڭنىڭ ئايالى دۇڭ شياۋمىڭ ئۇلارغا ئىككى مېھماننى تونۇشتۇرغان . سۈن خۇالىڭ دۇڭ شياۋمىڭنىڭ ئاپىسى بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن .

بۇ چاغدا ، لى جەنبياۋنىڭ گۇمانى ۋە ساقچىلارنىڭ رازۋېدكا پاكىتلىرى ئورگانىك ھالدا بىر زەنجىر بولۇپ تۇتاشتى ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالالمايتتى .

لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن دەرھال چاقىرتىلىپ سوراق قىلىندى ، ئۇلار بولسا : «ئۇ ئىككىيلەن بىزنىڭ خېرىدارىمىز . سۈن خۇالىڭ ئاپىمىز بىلەن يېقىن بولغاچقا ، ئۇنىڭ خىزمىتى يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ياردىمىمىز بولۇپ قالسۇن ، دەپ خېرىدار تونۇشتۇردۇق» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى . ئىگىلەنگەن نۇرغۇن ماتېرىيالنى تەھلىل قىلغاندا ، لى شىپىڭلارنىڭ جۇ ئەنچۇلار بىلەن بولغان تىجارەت ئالاقىسى خېلى قويۇق ئىدى . ئۇنىڭ لى جەنلۇڭ بىلەن بولغان زىددىيىتى ھەممىدە لى جەنلۇڭنىڭ جۇ ئەنچۇلارغا قانۇنسىز قوغداش ھەققى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ، بۇنى ئاساسىي جەھەتتىن زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولاتتى . بىۋاسىتە پاكىت شۇكى ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋدۇڭ ناھىيىسى ليەنچاۋ بازىرىلىق جۇ ئەنچۇنىڭ لى جەنلۇڭ قوغداش ھەققىنى تاپشۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن بولسا ، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ قاتىلغا ياردەم قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى .

## ئاسماندا تور ، يەردە قاپقان قۇرۇش

گەنسۇ ساقچىلىرى يىپ ئۇچى بويىچە جۇ ئەنچۇلارنىڭ ئۆلكە ئاتلاپ قاتىللىق قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ، خۇنەن ئۆلكىسى شاۋياڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىمۇ يەرلىك زوراۋان كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلىدى .

ليەنچاۋ بازىرىدىكى «ئۆسمە» جۇ ئەندۇڭ دورا ماتېرىياللىرى بازىرىنى كونترول قىلىۋېلىپ ھارام پايدا ئېلىپ ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بولغاچقا ، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك ئىدى ، شۇڭا خۇنەن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى تۇتقۇن قىلىش ،



ئادەم ئۆلتۈرۈش ، زورلاۋان كۆچلەرنى تەشكىللەش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دېلوسىنى زور دېلولار قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، دېلو بېجىرىشنى شاۋياڭ شەھەرنىڭ ج خ ئورگىنىغا تاپشۇرغانىدى . يېرىم يىلغا سوزۇلغان جاپالىق رازۋېدكا ئارقىلىق ، 5 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە خەلق ئاممىسىنى چۆچۈتكەن بۇ دېلونىڭ چۈمپەردىسى يىرتىپ تاشلاندى ، زورلاۋان كۆچلەرنىڭ كاتتىۋېشى جۇ ئەندۇڭنى شاۋياڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قولغا چۈشۈردى .

دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاشتىن مەلۇم بولۇشىچە ، جۇ ئەندۇڭ ئىككى قېتىملىق تۇتقۇن قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسىغا چېتىشلىق بولۇپ ، جەمئىي ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ، باشقىلارنى كۆپ قېتىم قانۇنسىز قاماپ قويغان . بۇ جىنايەت شايكىسىدا چوڭ ـ كىچىك 80 نەچچە ئادەم بار ئىكەن . جۇ ئەندۇڭنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ شۆبە تەشكىلات بار بولۇپ ، بۇنىڭ بىرى سىچۈەن تەۋەسىگە ، يەنە بىرى ئەنخۇينىڭ خاۋجۇ ، خېبېينىڭ ئەنگو تەرەپلىرىگە ، يەنە بىرى بولسا گەنسۇ ، غەربىي شىمال تەرەپكە مەسئۇل قىلىنغان ، شايكىنىڭ شۆبىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى جۇ ئەندۇڭنىڭ ئىنىلىرى بولۇپ ، جۇ ئەنچۇ مەخسۇس گەنسۇ تەۋەسىنى باشقۇرىدىكەن . ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن لىيەنچاۋغا ئاپىرىلغانلىكى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدىن ماشىنا بويىچە ھېسابلاپ قوغداش ھەققى ئالىدىكەن . بويسۇنمىغۇچىغا يىراقتىن ئادەم ئەۋەتىپ تەھدىت سالىدىكەن ، ئۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلمىسا دومبالايدىكەن ، تۇتۇپ كېتىدىكەن ، ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن . ئۇلار بۆلۈنۈپ ھەر قايسى جايلارغا بېرىپ ، خۇنەن بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان سودىگەرلەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ ، ئاتالمىش قوغداش كېلىشىمى ئىمزالايدىكەن . جەمەت شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان زورلاۋان كۆچلەرنىڭ بۇنداق ئەۋزەيلەپ كېتىشى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتكىدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى !

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گەنسۇ ساقچىلىرى لى جەنلۇڭنى ئۆلتۈرگەن ئاساسلىق جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ جۇ ئەنچۇ ، جاۋ يۇڭبىڭ ۋە شياۋ جاڭلار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى ھەمدە خۇنەن ئۆلكىسى شاۋدۇڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئالاقىسى يوللاپ ، يۇقىرىقى ئۈچەيلەننىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى .

ئەتىسى شاۋدۇڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن تېلېفون كەلدى : «جاۋ يىڭبىڭنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ليۇ بو بولۇپ ، پاش قىلىشقا ئاساسەن ئۇنى قولغا چۈشۈردۇق ، ئۇ گەنسۇدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى ، تېز كېلىڭلار !» خەۋەرنى ئاڭلىغان گەنسۇ ساقچىلىرى خۇشاللىقىدىن ئىشخانىدا سەكرىشىپ كەتتى .

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لۇڭشى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى شى ۋېي ، لى شىشياڭ ، شياۋجىچياڭ ، جۇ تەيپىڭ قاتارلىق تۆت ساقچىنى خۇنەنگە ئەۋەتتى . 14 ـ چېسلا ئۇلار شاۋدۇڭ ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپلا ليۇ بونى سوراق قىلدى .

ليۇ بو شېرىكى چېن چياڭ بىلەن شۇاڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ گەنتاڭ بازىرىغا بېرىپ 15 ـ ماي كۈنى لى جەنبياۋغا ئوق چىقارغانلىقىنى تاپشۇردى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، جۇ ئەندۇڭ ، جۇ ئەنچۇلار بۇنىڭلىق بىلەن پۇخادىن چىقماپتۇدەك . ئۇلار لى جەنلۇڭ ، لى جەنبياۋلارنى يېتەرلىك ئەدەبلىيەلمىدۇق دەپ ھېسابلاپ ، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلار ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان .

شۇنداق قىلىپ ، جۇ ئەنچۇ جۇ شياۋچياۋغا تاپشۇرغان ، ئۇ بولسا ئىشنى جۇزىۋۇغا ئورۇنلاشتۇرغان . جۇ زىۋۇ ليۇ بو بىلەن تۇڭ سىخەيگە ھەر بىرىنى ئۆلتۈرگەنىڭلار ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ ، لى جەنلۇڭ بىلەن لى خەنبياۋلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇ ئىككىسىنى بۇيرىغان .

ئەتىسى ليۇ بو ، تۇڭ سىخەي ئىككىسى لۇڭشىغا بارغان . دۇڭ شياۋمىڭ بۇ ئىككىسىنى سۈن خۇالىڭنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغان . ئىككىسى جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن بىلەن مەسلىھەتلەشكەن . ئۇ چاغدا لى جەنبياۋ لەنجۇدا دوختۇرخانىدا بولغاچقا قول سېلىشقا پۇرسەت بولمىغان . جۇ ئەنچۇدىن كۆرسەتمە ئالغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال لى جەنلۇڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان .

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇ زىۋۇ ليۇبوغا تېلېفون بېرىپ ، جۇ ئەنچۇ سۈرئىتىڭلار نېمانداق ئاستا دەپ ئاچچىقلاۋاتىدۇ ، دېگەن . ليۇبو ھېلىمگەر نەرسە بولغاچقا تۇڭ سىخەينى چاقىقان قول سېلىشقا ئالدىراتقان ، ئۆزى بولسا لەنجۇغا كەتكەن . 31 ـ ماي سەھەر تۆتتە ، تۇڭ سىخەي سۈن خۇالىڭنىڭ ئۆيىدىن لى جەنلۇڭنىڭ ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ئېتىۋەتكەن .

شى ۋېي ليۇ بونىڭ ئىقرارىنى لۇڭشىغا يەتكۈزدى . جوڭ ئەترەت باشلىقى ياڭ دېشەن قاتارلىقلار دۇڭ شياۋمىڭنى قايتا سوراق قىلدى . بۇ بەدنىيەت خوتۇننىڭ يەنە قارشىلىشىشقا ئامالى يوق ئىدى . ئۇ جۇ ئەنچۇ بىلەن بىرلىشىپ لى جەنلۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى .

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇ ئەنچۇ ، جۇ زىۋۇ ئىككىسى دۇڭ شياۋمىڭغا ئىككى قېتىم تېلېفون بېرىپ ، لى جەنلۇڭ قوغداش ھەققىنى تاپشۇرمىدى ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچىمىز ، ئۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ سودىسى سىلەرگىلا قالىدۇ . بارغان ئادەملەرنىڭ خىراجىتىنى سىلەر چىقىرىپ تۇرۇڭلار ، كېيىن قوغداش ھەققىدىن تۇتۇپ قالساڭلار بولىدۇ ، دېگەن ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن بۇ پىكىرگە قوشۇلغان . 25 ـ چېسلا ليۇ بو بىلەن شياۋجاڭ (ھەقىقىي ئىسمى تۇڭ سىخەي) لۇڭشىغا يېتىپ بېرىپ تېلېفون بەرگەن ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ سۈن خۇالىڭنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغان .

5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ليۇ بو بىلەن تۇڭ سىخەي لى جەنلۇڭنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن قېچىپ كەتكەچكە ئىككى دانە «64» تىپلىق تاپانچا بىلەن تۆت پاي ئوقنى سۈن خۇالىڭنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ كەتكەن . سۈن خۇالىڭ كارىۋاتنى يىغىشتۇرغىچە تاپانچا بىلەن ئوقلارنى كۆرۈپ ، بۇ نەرسىلەرنى دۇڭ شياۋمىڭنىڭ ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن . دۇڭ شيامىڭنىڭ ئانىسى بولسا بۇ نەرسىلەرنى ۋېنفىڭ بازىرىدىكى گۇەندى بۇتخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەن .

شى ۋېي ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى تۇڭ سىخەي ، جۇزىۋۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالغىچە بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ليۇ بونى ئېلىپ لۇڭشىغا قايتتى .

## قاتىل قولغا چۈشتى

لى شىپىڭ ، دۇڭ شياۋمىڭ ۋە ليۇ بولارنى تۆت كۈن سوراق قىلىش ئارقىلىق ، لى جەنلۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانى ئاساسەن ئايدىڭلاشتى . جۇ ئەندۇڭ ئەقىل كۆرسەتكەن ، جۇ ئەنچۇ باش بولۇپ پىلانلىغان ، جۇ شياۋچياۋ ، جۇزىۋۇ ، ليۇ بولار دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ئورۇنلاشتۇرغان ، تۇڭ سىخەي ئوق چىقارغان ، لى شىپىڭ ، دۇڭ شياۋمىڭ قاتىلغا ھەمكارلاشقانىدى . تۇڭ سىخەي قولغا چۈشۈرۈلمىسە بۇ دېلو پاش قىلىنغان ھېسابلانمايتتى ، شۇڭا ئىدارە پارتكومىدىكى رەھبەرلەر خۇنەندىكى يولداشلارغىلا تايىنىۋالساق بولمايدۇ ، ئىككى تەرەپ تەڭ ھەرىكەتلىنىشىمىز كېرەك دەپ قاراپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى .

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىلا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋدۇڭ ناھىيىسىدىكى ساقچىلار گەنسۇ ساقچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ليۇ بونى تۇتقانىدى . بۇ تىپىك بولغان ئۆلكە ھالقىغان كەسپىي زوراۋان كۈچلەر سادىر قىلغان قاتىللىق دېلوسى بولغانلىقتىن ، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جيا چۈنۋاڭ : «تەشكىللىك جىنايەتچىلەرگە ھەقىقىي تۈردە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش كېرەك ، نۇقتىلىق ئادەملەرنى كونترول قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم ،

ئۇنداق بولمىسا شۇ جاينىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش قىيىن بولۇپلا قالماي ، باشقا رايونلارغىمۇ خەۋپ يېتىدۇ» دەپ تەستىق سالدى .

خۇنەن ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى رەھبەرلىرى ، شاۋيالڭ شەھىرى رەھبەرلىرى ، شىنشاۋ ، شاۋدۇڭ ناھىيىلىرىنىڭ ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىرى مەزكۇر دېلوغا دائىر تەستىق پىكىرلىرىنى يازدى ھەمدە ساقچى كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ، پۈتۈن كۈچ بىلەن گەنسۇ ساقچى تەرەپكە ھەمكارلىشىپ ، ئۆلكە ئاتلاپ جىنايەت سادىر قىلغان زوراۋان كۈچلەرنى يوقىتىش قارارىنى چىقاردى . ھەر دەرىجىلىك رەھ- بەرلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ، 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەل- گەندە كۆپ قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەن جۇ شياۋچاۋ ، جۇ زىۋۇلار ئاخىرى شاۋدۇڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شى ۋېي قاتارلىق تۆت ساقچى ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم گۇاڭدۇڭنىڭ دۇڭگۇەن شەھىرىگە بېرىپ ، قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى تۇلۇڭ سىخەينىڭ دېرى- كىنى قىلدى .

شى ۋېي قاتارلىق ساقچىلار ئىككىنچى قېتىم دۇڭگۇەنگە بارغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال لىۋ بو ئىقرارىدا ئېيتقان تۇلۇڭ سىخەينى تونۇيدىغان تېخنىك بىلەن ئالاقىلاشتى . گاۋ فامىلىلىك بۇ تېخنىك ساقچىلارغا تۇلۇڭ سىخەينىڭ دۇڭگۇەن شەھىرىنىڭ دالىڭ بازىرىدىكى كېرەكسىز نەرسە ـ كېرەك سې- تىۋالىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ، بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى .

دالىڭ بازارلىق ساقچىخانا سىياسىي يېتەكچى- نىڭ باشچىلىقىدا 17 نەپەر ساقچى چىقىرىپ تۆت كېچە ـ كۈندۈز تۇلۇڭ سىخەينىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ نەتىجە بولمىدى .

شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئۆلكىدىن كەلگەن سەبى- داشلار ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى ۋە كىملىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق خۇنەن ئۆلكىسى شىنشاۋ نا- ھىيىسى تەيزىمياۋ يېزىلىق تۇلۇڭ كوڭلۇڭ ئىسىم- لىك بىرەيلەننى يولۇقتۇردى . ئېنىقلىنىشىچە ، ئۇ تۇلۇڭ سىخەينىڭ ئاغىنىسى ئىكەن . شۇنداق قىلىپ ساقچىلار تۇلۇڭ سىخەينىڭ ئاغىنىسى بولۇپ ياسى- ۋېلىپ بېرىپ تۇلۇڭ كوڭلۇڭنى تاپتى ، ئۇنىڭغا : «بىز تۇلۇڭ سىخەي بىلەن ئارقا كوچىدا تونۇشقانتۇق ، ئۇ- نىڭغا ياردەم قىلالىلى دېگەنتۇق» دېدى . تۇلۇڭ كوڭلۇڭ : «ئۇ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن ، كەچتە كېلىدۇ» دېدى . ساقچىلار كەچتە بۇ ئۆينى مەخپىي قورشىدى . بۇ چاغدا ساقچىلار ئۆيگە كىرگەندە تۇلۇڭ كوڭلۇڭ : «ئۇ چۈشتە كەلگەندى ، باشقىلارنىڭ ئىزدەۋاتقىنى- نى ئاڭلاپلا قېچىپ كەتتى» دېدى .

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شى ۋېي گاۋ تېخنىك بى- لەن ئالاقىلاشتى ، گاۋ تېخنىك بىر يۇرتدىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە مېھمان چاقىرغانلىقىنى ، كېلى- دىغانلارنىڭ ھەممىسىلا شىنشاۋلۇق يۇرتداشلار بولۇپ ، ئارىسىدا تۇلۇڭ سىخەينىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتتى .

شۇ ئاخشىمى بېيخاۋ ساقچىخانىسىدىكى ساق- چىلار تاماقلىنىش نامى بىلەن مېھمانسارايغا تۇلۇڭ سىخەينى تونۇش ئۈچۈن باردى . خەۋەر بەرگۈچىنى قوغداش ئۈچۈن نەق مەيداندا ھەرىكەت قىلمىدى .

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ساقچىلار ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ ، ئۆيگە كىردى ، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغىنىپ ، ئىسمىم چېن يولۇڭ ، خۇنەن يىياڭ- لىقمەن ، دېگەن بولسىمۇ ، ئىسپاتى يوق ئىدى . شى ۋېي رەسىمنىلا كۆرگەن بولغاچقا ، بىر قاراشقا جە- زىملەشتۈرەلمىگەن بولسىمۇ ، تۇيۇقسىزلا : «تۇلۇڭ سىخەي !» دەپ توۋلىۋېدى ، ھېلىقى ئادەم ئىختى- يارسىز «ھە» دەپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويدى ، تۇلۇڭ سىخەي قولىغا چۈشتى .

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گەنسۇلۇق ساقچىلار گۇاڭدۇڭلۇق سەبداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، غە- لىبە قۇچۇپ قايتتى .

گەنسۇ تەرەپتە لىۋ بو ، تۇلۇڭ سىخەي ، جۇ زىۋۇ ، لى شىپىڭ ئەر ـ خوتۇن قولغا ئېلىندى . خۇنەندە جۇ ئەندۇڭ ، جۇ شياۋچياۋ ھەمدە بۇ ئادەملەرنى نەچچە قېتىم قورال بىلەن تەمىنلىگەن زېڭ ۋېيياۋ قولغا ئېلىندى . جۇ ئەنچۇ قېچىپ كەتتى ، گەنسۇ ، خۇنەن ساقچىلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلماقتا .

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى**



# «ئالقانات»لارنىڭ ئاخىرقى سەپىرى

ۋاڭ فېنچياڭ، ۋۇ جوۋخى، چېن جيەنپىڭ

2002-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنى گۇاڭدۇڭنىڭ بولو، دۇڭگۇەن، چىڭ يۈەن، لېيجۇ دېگەن جايلىرىدا جەمئىي بەش ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، ئىككى ئۆلكىنىڭ 14 ۋىلايەت-شەھىرى ۋە 20 ناھىيىسىدە 60 دىن ئارتۇق پىكاپنى بۇلىغان ۋە ئوغرىلىغان ياۋۇز ئوغرىلار لۇڭگاڭ ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئۆلكىلىرىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئالاھىدە زور قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلدۇق.

## يېشىل «فېڭتيەن» نىڭ يولدا بۇلاڭچىلىق قىلىشى

2001-يىل 21-دېكابىر كېچە سائەت 11 بولغان چاغ. شياڭگاڭلىق سودىگەر شۇ خوجايىن «بېنتيەن» ماركىلىق قىزىل پىكاپنى ھەيدەپ شېنجېن شەھىرى لۇڭگاڭ رايونىدىكى پىڭخۇ بازىرى جۇزەي قولتۇقىدىكى فۇرۇڭ تاشچىلىق مەيدانى يېنىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يول ياقىسىدىن تۇساتتىن بىر پىكاپ چىقىپ، ئۇنىڭ پىكاپىنى يول بويىغا قىستاپ ئاپىرىپ قويدى. شۇ خوجايىن زەڭ سېلىپ قاراپ، ئۆزىنى يول ياقىسىغا قىستاپ ئاپىرىپ قويغان پىكاپنىڭ «戎 G» بەلگىلىك ھەربىي ماشىنا نومۇرى تاختىسى بېكىتىلگەن «فېڭتيەن» ماركىلىق باشلامچى ھەربىي پىكاپ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھېلىقى پىكاپتىن ياشقىنا كەلگەن ئىككى ئەر ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن چۈشۈپ، شۇ خوجايىننىڭ پىكاپى يېنىغا ئېتىلىپ كەلدى. شۇ خوجايىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى شۇئان سەزدى ۋە ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئوڭ بېغىشىدىكى قىممەت باھالىق قول سائىتىنى چىقىرىۋېلىپ، پىكاپ ئىچىگە تاشلاپ قويدى.

ھېلىقى ئىككىسى ھەش-پەش دېگۈچە «بېنتيەن» نىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، شۇ خوجايىننى تارتىپ چىقاردى ۋە ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا، قولىدىكى تۆمۈر تورۇبا ۋە باتارېيىلىك ساقچى توقمىقى بىلەن ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى.

شۇ خوجايىننىڭ باش-كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى، يانچۇقلىرىدىكى پۇل-ماللىرى قويماي بۇلاندى. ئۇرۇش-بۇلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككىسىنىڭ بىرى — بويى ئېگىز كەلگەن، چېچىنى ساپسېرىق بويىۋالغان، ئۇچىسىغا پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغىنى تەكەببۇرلارچە كىردىيىپ بېرىپ «بېنتيەن» گە چىقىپ شوپۇرنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە پىكاپنى ھەيدەپ كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇ خوجايىن قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ تاياق زەربىسىدىن باش-كۆزى ۋە پۈتۈن بەدىنىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، كېچىدىكى جىمجىت يولدا سەنتۈرۈلۈپ دېگۈدەك ئالدىغا قاراپ ماڭدى، شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى يول بويىدىكى كىچىك بىر دۇكاننى ئۇچراتتى ۋە كىرىپلا ساقچىغا مەلۇم قىلدى.

شېنجېن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ پىڭخۇ ساقچىخانىسى مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن، ساقچىخانا باشلىقى جاۋ چېڭپۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ساقچى ۋە تورلۇك ئامانلىق ساقلىغۇچى كۈچلەرنى توپلاپ، پىڭخۇ بازىرىدىكى بارلىق

يول ئېغىزلىرىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىپ، شۇ ئېغىزلاردىن ئۆتكەنلىكى گۇمانلىق پىكاپلارنى ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە تەكشۈرگەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى.

ساقچىخانا باشلىقى جاۋ چېڭپۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئالاقىدار ئادەملىرى بىلەن ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، «قارانىيەتلەر پىكاپنى بۇلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنداق تېز يىراققا قېچىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن» دېگەن قاراشقا كەلدى ـ دە، نۇرغۇن كۈچ ئاجرىتىپ، شۇ خوجايىننى ئەگەشتۈرۈپ، پىڭخۇ بازىرى ئەتراپىدىكى بارلىق ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرى ۋە ئاپتوموبىل رېمونتخانىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى.

باۋئەن رايونىنىڭ گۇەنلەن بازىرىدىكى لۇڭچۈەن رېمونتخانىسىدا پىكاپ تېپىلدى. پىكاپنىڭ ئوڭ تەرەپ تورمۇز دەستىسى ۋە ئوڭ تەرەپ چوڭ چىرىغى بۇزۇلغان بولۇپ، پىكاپ رېمونت جازىسىغا ئېلىپ قويۇلغان ئىكەن. شۇ خوجايىن بۇلاڭچىلار ئۇچرىغان ھامان پىكاپ ئىچىگە تاشلاپ قويغان قىممەت باھالىق قول سائىتىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

لۇڭچۈەن رېمونتخانىسىدىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۈگۈن ئەتىگەن سائەت نۆل ئەتراپىدا ئوڭ روللۇق «بېنتيەن» ماركىلىق بۇ قىزىل پىكاپ شېنجېن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سۈگيۈەن ساقچىخانىدىن 200 مېتىردەك يىراقلىقتىكى بىر ستولبىغا سوقۇلۇپ ماڭالماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ياش ئەر يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بۇ رېمونتخانىغا كەلگەن، رېمونتخانا ئاپتوموبىل چىقىرىپ بۇ پىكاپنى سۆرەپ ئەكەلگەن ئىكەن. پىكاپ «ئىگىسى» يانفون نومۇرىنىلا قالدۇرۇپ قويغان.

دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ، رېمونتخانىنى ئىزدەپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى ياشنىڭ بىرسىنىڭ سېرىق چاچ، ئۇچىسىغا ئۇششاق گۈللۈك كۆڭلەك ۋە پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغانلىقىنى بىلدى. بۇ، ئاخشام پىڭخۇ رايونىدا شۇ خوجايىننى ئۇرغانلاردىن بىرىنىڭ تۇرقىغا ئوخشاش چىقتى.

دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر دەسلەپكى بۇ نەتىجىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بۇ دېلونىڭ پاش قىلىنىشىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىش توغرىلىق رېمونتخانا خوجايىنىغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەچ، ساقچىخانا باشلىقى جاۋچېڭپۇغا دوكلات قىلىپ، ئادەم كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جاۋ چېڭپۇ مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال بىر تۈركۈم پىشقان خىل ساقچىلارنى يىغدى ـ دە، پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، يەرلىكنىڭ نومۇر تاختىسى قادالغان بىر قانچە پىكاپ بىلەن گۇەنلەن بازىرىدىكى لۇڭچۈەن رېمونتخانىسىغا ئەۋەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى سائەت ئونلاردا دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر رېمونتخانىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

نېمىلا دېگەن بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولماق تەس ئىكەن. رېمونتخانا خوجايىنى ساقچىلارنىڭ تەلىپىگە ناھايىتى ئۇچۇق ـ يورۇق ماقۇل بولغاندەك قىلسىمۇ، جاھانكەشتىلىكتە پىشىپ كەتكەن قاقۋاش خوجايىن ئۆزىنىڭ چوتىنى سوقۇشقا چۈشتى.

## يېشىل «فېڭتيەن» نىڭ غايىب بولۇشى

ئەتىسى سائەت 12 لەردە «بېنتيەن» ماركىلىق قىزىل پىكاپنىڭ «ئىگىسى» لۇڭچۈەن رېمونتخانىسىغا توساتتىن تېلېفون بېرىپ، «پىكاپ» نىڭ رېمونت قىلىنىپ بولۇنغان ـ بولۇنمىغانلىقىنى سورىۋىدى، رېمونتخانا خوجايىنى ناھايىتى تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا: «بۇ پىكاپ زادى سىلەرنىڭمۇ، ياكى ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر رېمونتخانىمىزغا كېلىپ، ‹بۇ پىكاپ بىزنىڭ› دەيدۇ. ياخشىسى سەن رېمونتخانىمىزغا كېلىپ، ئەھۋالنى ماڭا ئېنىقراق دەپ بەرگەن بولساڭ» دېدى.

رېمونتخانا خوجايىنىغا تېلېفون بەرگەن بۇ ئادەممۇ پىشىپ كەتكەن جاھانكەزدى قاقۋاش بولغاچقا، رېمونتخانا خوجايىنىنىڭ مەخپىي بىشارىتىدىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ قالدى ـ دە، ئۈن ـ تىنسىز يوقالدى.

يۈكسەك ھوشيارلىق بىلەن شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە مەخپىي ساقلاپ تۇرغان ساقچىلار ئەھۋالنىڭ تازا نورمال ئەمەسلىكىنى سېزىپ، رېمونتخانا خوجايىنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقۇپ

باقماقچى بولۇپ سورىۋېدى ، خوجايىنمۇ يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ، «پىكاپ ئىگىسى» نىڭ چۈشتە تېلېفون بەرگەنلىكىنى ۋە ئىككىسىنىڭ تېلېفوندا نېمە دېيىشكەنلىرىنى قويماي دەپ بەردى . دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر شۇ چاغدىلا كۆڭۈل قويۇپ تۈزگەن قوغلاپ تۇتۇش پىلانىنىڭ سوغا چىلاشقانلىقىنى بىلىشتى .

ساقچىلار قاتتىق رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ، 2002 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ، قىزىل «بېنتىيەن» نى بۇلىغان ئىككى بۇلاڭچىنىڭ بۇ مەزگىلدە باۋئەن رايونىنىڭ سوڭگاڭ بازىرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگىنىدىن خەۋەر تاپتى . شۇنىڭ بىلەن ساقچىخانا باشلىقى جاۋچېڭپۇ بەش نەپەر ساقچى ۋە تۆت نەپەر ئامانلىق قوغدىغۇچىنى جىنايى ئىشلار زازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جيېنىڭ يېتەكچىلىكىدە باۋئەن رايونىنىڭ سوڭگاڭ بازىرىغا ئەۋەتتى .

بەش كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ، زىيارەت قىلىش ۋە مەخپىي رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق ، تۇرار جايى تۇراقسىز ، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى سىرلىق بۇ ئادەملەرنىڭ سوڭگاڭ بازارلىق دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بازىرىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن بىر بىنانىڭ 4 ـ قەۋىتىگە ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلدى .

ساقچىلار ساقچىخانا باشلىقى جاۋچېڭپۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، بۇ يىل 12 ـ يانۋار كۈنى توپ سېپتىش بازىرىغا 100 مېتىر كېلىدىغان بىر جايدىن ئوخشاش بىر قەۋەتتىن بىر ئۆينى ئىجارە ئالدى ۋە ئۆينىڭ ھېلىقى ئەبلەخلەر تۇرۇۋاتقان بىناغا قاراشلىق دېرىزىسىنىڭ بۇرجىكىگە بىر دانە يۇقىرى ھەسسىلىك دۇربۇن ئورنىتىپ ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرىدىكى ھېلىقى ئۆيىنى 24 سائەتلەپ كۆزىتىشكە ، ئۇ ئۆيدە كۆرۈلگەن ھەر بىر ئالامەتلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىشقا باشلىدى .

15 ـ يانۋار كۈنى ساقچىلار ئويلىمىغان يەردىن ، كۈتۈپ تۇرغان جايغا يېقىن بىر كىچىك كوچىدا ھېلىقى ئەبلەخلەر دېلو سادىر قىلغان چاغدا ھەيدەپ كەلگەن « G 戎 » بەلگىلىك ھەربىي نومۇر تاختىسى بار «فېڭتيەن» ماركىلىق يېشىل پىكاپنى كۆرۈپ قالدى . يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئاۋاق ئىككى ياش ئەر پەيدا بولۇپ پىكاپقا كىردى ، پىكاپ ئاستا قوزغالدى . ساقچىلارمۇ شۇ ھامان تويدۇرماي كەينىگە چۈشۈپ ماڭدى .

يېشىل «فېڭتيەن» ناھايىتى تېزلا سوڭگاڭ بازىرىدىن ساجىڭ بازىرىغا بارىدىغان تاشيولغا چىقتى ، ساقچىلارنىڭ پىكاپىمۇ مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ، ئىز قوغلاپ ماڭدى . بىراق ، ھېلىقى يېشىل «فېڭتيەن» سوڭگاڭ بازىرىدىن تاشيولغا چىقتى ـ دە ، ئۇشتۇمتۇت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ساقچىلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى .

يۇقىرى ھەسسىلىك دۇربۇندا ئۈچ كۈن ئىككى كېچە كۆزەتكەن ساقچىلار 16 ـ يانۋار كۈنى دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى ئىجارىگە بېرىلگەن بىنانىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى ھېلىقى ئۆينىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئاۋاتلىشىپ ، ئۈچ ئەر ، بىر ئايالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى . ئەرلەرنىڭ بىرى ئېگىز كەلگەن ، سېرىق چاچلىق ، ئوششاق گۈللۈك كۆينەك ۋە پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغان بولۇپ ، رېمونتخانا خوجايىنى ، شۇ خوجايىن ۋە باشقا رېمونتچىلار سۆرەتلەپ بەرگەن قىزىل پىكاپىنىڭ «ئىگە» سىگە ناھايىتى ئوخشايتتى .

ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى . دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھېلىقىلارغا دۇربۇن ئارقىلىق قاتتىق دىققەت قىلىپ ، جەڭ پۇرسىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى . ۋاقىت بارغانسېرى تەڭ كېچىگە يېقىنلاپ قېلىۋاتاتتى .

### قاتتىق زەربىگە ئۇچراش

بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلار 16 ـ يانۋار كۈنى كەچ سائەت 10 لاردا ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش كىيىملىرىنى كىيىپ ، قوراللىرىنى ئوقلاپ ، ئىجارىگە بېرىلگەن بىنانىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى ھېلىقى ئۆي ئالدىدا پەيدا بولدى .

ساقچىلار كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپلا ، ئادەم ئىزدەش باھانىسى بىلەن ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى . ئۆيدىكى ئۈچ ئەر بىلەن بىر ئايال نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ، دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئېتىلىپ

كىرىپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى
بويسۇندۇردى . تۇتۇلغانلارنىڭ ئا-
رىسىدىكى ئوتتۇرا بوي ياش ئەر-
نىڭ قولىدا ناھايىتى قىممەت با-
ھالىق «لاۋرس» ماركىلىق قول
سائىتى تۇراتتى .

تۇساتتىن ئىشىككە ئاچقۇچ
سېلىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى ، دېلو
گۇرۇپپىسىدىكىلەر تىنۇش چى-
قارماي دەرھال ئىشىكنىڭ ئىككى
يېنىدا بۆلۈنۈپ تۇردى . ئۇزاق
ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ ، بىر
ئادەم كۆرۈنۈۋىدى ، ساقچىلار ئۇنى
تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى . بۇ ،
ئەسلىدە ياش بىر ئايال ئىدى .

ساقچىلار ئۆي ئىچىنى قويماي
تىنتىپ ، باتارىيىلىك بىر دانە
ساقچى كالتىكى ، بىر دانە ھەربىي
ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسى ، 10
نەچچە ئاپتوموبىل ئاچقۇچى ، 10
نەچچە دانە پىكاپ تېزگىنىكى ،
دوختۇرلار ئىشلىتىدىغان نەچچە
يۈگەم بېنت قاتارلىق بىر قاتار
گۇمانلىق بۇيۇملارنى قولغا چۈ-
شۈردى .

نەق مەيداندا سوراق قىلىش
ئارقىلىق ، ھېلىقى يېشىل رەڭ-
لىك «فېڭتيەن» نىڭ سۆڭگەك
بازىرىدىكى «شۇندا» رېمونتخانى-
سىغا ئاپىرىپ قويۇلغانلىقى ئې-
نىقلاندى . جاڭ جيې شۇ ھامان
بىر نەچچە ساقچىنى سۆڭگەك با-
زىرى «شۇندا» رېمونتخانىسىغا
ئەۋەتىپ ، ھەربىيچە نومۇر تاخ-
تىسى بېكىتىلگەن ھېلىقى
«فېڭتيەن» ماركىلىق يېشىل
پىكاپنى قولغا چۈشۈرگۈزدى . بۇ
پىكاپنىڭ ئىچىدىن يەنە ئالتە دانە
ئاپتوموبىل ئاچقۇچى ، پىكاپ
تېزگىنىكى ، ئىككى يۈگەم بېنت
قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى .

ساقچىلار بۇ ئەبلەخلەر تۇرۇ-
ۋاتقان بۇ ئۆي ۋە ئىشلىتىپ كەل-
گەن «فېڭتيەن» ماركىلىق يې-
شىل پىكاپ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچى-
دىن چىققان بىر تالاي دېلو قو-
راللىرىنى تەھلىل قىلىپ ، ئۇ-
لارنىڭ خېلى چوڭ جىنايەتلەرنى
سادىر قىلغۇچى جىنايەت گۇرۇھى
ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى .

جاڭ جيې ساقچىخانا باشلىقى
جاۋ چېڭپۇنى بۇ دەسلەپكى غەلى-
بىدىن خەۋەرلەندۈردى . جاۋ چېڭ-
پۇ دېلو ئەھۋالىنى لۇڭگاڭ ج خ
شۆبە ئىدارىسى ۋە شېنجېن شە-
ھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە دەرھال
ئادەم ئەۋەتىپ يەتكۈزدى . ھەر دە-
رىجىلىك رەھبەرلەر بۇ دېلوغا
يەكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى
ۋە «16 . 1 . 2002» مەخسۇس دې-
لوسى قىلىپ بېكىتىپ ، ناھايى-
تى كۈچلۈك بىر مەخسۇس دېلو
گۇرۇپپىسى ئويۇشتۇردى . لۇڭ-
گاڭ ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ جى-
نايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ
ئەتىرىتىنىڭ يارامىلىق ئەزالىرىمۇ
بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشتۇرۇلدى .

دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر
تورغا چۈشكەن گۇمانلىق ئۇن-
سۇرلارغا ئارام ئېلىۋېلىش پۇر-
سىتى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ،
17 ـ يانۋار ئەتىگەن سائەت بىردىن
باشلاپ ، جىنايەت گۇماندارلىرىنى
بۆلۈنۈپ سوراق قىلىشقا باشلىدى .

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى
شۇ خوجايىنىنىڭ ئەھۋال تونۇش-
تۇرۇشىچە ، سېرىق چاچلىق ئې-
گىز ياش ئەر ناھايىتى ۋەھشىي
بولۇپ ، ئۆزى قول سېلىپ قاتتىق
ئۇرغاندىن باشقا ، شېرىكلىرىگە
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قوماندانلىق
قىلىدىكەن . ئەھۋال تەھلىل قى-
لىنىپ ، بۇ ياش ئەرنىڭ شۇ گۇ-
رۇھنىڭ تايانچ ئەزاسى ئىكەنلىكى
بېكىتىلدى . شۇنىڭ بىلەن ، دېلو
گۇرۇپپىسىدىكىلەر سېرىق چاچ-
لىق ئۇ ياشنى كېچىلەپ قاتتىق
سوراق قىلىشقا باشلىدى .

سوراق گەرچە ئەتىگەن سائەت
سەككىزگىچە داۋاملاشقان
بولسىمۇ ، سوراق ئەھۋالىدا ھېچ-
قانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى .
سېرىق چاچ ئىسمىنىڭ جۇ شاۋجۇ
ئىكەنلىكىنى ، يەنە بىر شېرىكى



بىلەن 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پىڭخۇ بازىرىدا شۇ خوجايىنىنىڭ «بىنتيەن» ماركىلىق پىكاپىنى بۇلىغانلىقىنى، يەنە باشقا بىر شېرىكى بىلەن 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ تيەنخې رايونىدا «ۋولىڭ» ماركىلىق بىر مىنىبۇسنى ئوغرىلىغانلىقىنىلا ئىقرار قىلىپ، باشقا سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى.

قولىغا «لاۋرس» ماركىلىق قىممەت باھالىق قول سائىتى تاقىۋالغان ھېلىقى ئوتتۇرا بوي ئەر شېۋىسى خۇنەن شېۋىسىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئۆزىنى خۇنەنلىك، ئىسمىنى سۇن شاۋفۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر 17 ـ يانۋار يېرىم كېچىدە «سۇن شاۋفۇ» نى زەربىدارلىق بىلەن سوراق قىلدى. سۇن شاۋفۇ سوراقنىڭ باشلىنىشىدىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي ئولتۇرۇۋالدى. بۇنداق ھىيلىگەر ۋە جاھىل گۇماندارلار بىلەن كۆپ ئېلىشىپ پىشقان ساقچىلار ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇدۇللا سورىدى: «سۇن شاۋفۇ، گۇاڭدۇڭ بولولىقلىقىڭ ئېنىق تۇرۇپمۇ يەنە نېمە ئۈچۈن خۇنەنلىك دەۋالىسەن؟ شېرىكلىرىڭ ئىسمىڭنى سۇن شاۋفۇ ئەمەس دەيدۇ، ئىسمىڭ زادى نېمە؟»

«سۇن شاۋفۇ» تويۇقسىز قويۇلغان بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى...

## جىنايەتلىك «قارا قۇتا» نىڭ ئېچىلىشى

«خۇنەنلىك» ئەمەسلىكى ئاشكارىلانغان «سۇن شاۋفۇ» ھەر قانداق قىلىپمۇ دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ راستتىنلا بولولۇق، ئىسمىنىڭ تيەن چىمىڭ، لەقىمىنىڭ «جىلۇڭ» (توخۇ قەپىزى) ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

18 ـ نويابىر ئەتتىگەن سائەت يەتتىگە كەلگەندە، تيەن چىمىڭ ساقچىلاردىن ئۇلارنىڭ يانفونى ئارقىلىق لايىقى لىيۇ × × نىڭ دۆڭگۇەندىكى ئۆيىگە تېلېفون بېرىۋالسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. باشتىن ـ ئاخىر تيەن چىمىڭ بىلەن روبىرو ئولتۇرغان جاڭ مىبي قاتارلىق ساقچىلار تيەن چىمىڭنىڭ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماي، يانفوندا ئۇنىڭ لايىقىنىڭ ئۆيىنى ئېلىپ بەردى.

تيەن چىمىڭ تېلېفوندا لايىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيگە ئامان ـ ئېسەن قايتىپ بارغىنىغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىن كېيىن، خۇددى ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتقاندەك، ئۈشتۈمتۈت ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، 10 نەچچە مىنۇتلارغىچە، ئادەمنىڭ يۈرەك باغرى ئېزىلگۈدەك يىغلاپ كەتتى.

ساقچىلار تيەن چىمىڭنىڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشى ۋە دېمىنى ئېلىۋېلىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەي، ئۇنىڭغا ئۈزۈلدۈرمەي كۈچلۈك سىياسىي ھۇجۇم قوزغىدى. تيەن چىمىڭنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشى ساقچىلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغان گۇاڭدۇڭ بولودا 1999 ـ يىلى ئۇدا نەچچە قېتىم موتسىكلىت ئوغرىلىغانلىقىنى، بولو ناھىيىسىدىكى تاش دامبا يېڭى كەنتى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېقىن بىر جايدا بىر ئەر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھازىرغىچە قېچىپ ـ سوقۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

ئۇ يەنە باشقا شېرىكلىرى بىلەن بىرلىكتە سادىر قىلغان بىر قاتار جىنايى قىلمىشلىرى ۋە قانلىق دېلولىرىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان بۇزۇق نائەھلىلەر بىلەن جاھىللار گۇرۇھى ئۇيۇشتۇرۇپ تۈرلۈك ئاپتوموبىلدىن 60 نەچچىنى بۇلىغان ۋە ئوغرىلىغان، بەش ئادەمنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىبلىس قولى گۇاڭدۇڭنىڭ دۇڭگۇەن، لېيجۇ، خۇيجۇ، يىڭدې، شاۋگۇەن، نەنخەي، فوشەن، شۇندې، گۇاڭجۇ، چىڭيۈەن، شېنجېن ۋە گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ قاتارلىق 14 ۋىلايەت ـ شەھەرگە سوزۇلغان.

2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ شېرىكى جۇ شياۋجۇ ۋە جۇ مىڭسەي قاتارلىقلار بىلەن گۇاڭدۇڭنىڭ چىڭيۈەن شەھىرىگە بېرىپ، «جېتتا» ماركىلىق قىزىل تاكسىغا چىققان. پىكاپ چىڭيۈەن بىلەن يىڭدې

چېگرىسىغا كەلگەندە ، ئۇ ئۇچى شوپۇرنى ئۇرۇپ يانتقۇزىۋەتكەن ، ئاندىن پۇت ـ قوللىرىنى بېنت بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ ، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تاشلىۋېتىپ ، پىكاپنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكەن .

2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شېرىكى جۇ شياۋجۇ بىلەن بىرگە گۇاڭدۇڭنىڭ دۇڭگۇەن شەھىرىدىكى دالىڭشەندە يەنە بىر «جېتتا» ماركىلىق قىزىل تاكسىنى بۇلاپ ، شوپۇرنى ئۆلتۈرىۋەتكەن .

2001 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۇ يەنە شېرىكلىرى جۇ شياۋجۇ ، ساۋجىمىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە گۇاڭدۇڭنىڭ لىيجۇ شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا ئوڭ روللۇق قارا پىكاپنى بۇلاپ ، شوپۇرنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن .

تيەن چىمىڭ ئۆزىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرىنى ئاپشۇرۇش بىلەن بىرگە ، جۇ شياۋجۇ قاتارلىقلار سادىر قىلغان يەنە بىر قانلىق دېلونى پاش قىلدى : 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇ شياۋجۇ شېرىكلىرى چېن چىڭشىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ شەھىرىگە بېرىپ قورال سېتىۋالماقچى بولۇپ ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ، ليۇجۇ پويىز ئىستانسىسى يېنىدا «سانتانا» ماركىلىق بىر قىزىل تاكسىغا ئولتۇرغان ، تاكسى ئادەم كۆپ بارمايدىغان چەت بىر جايغا كەلگەندە ، ئۇلار تاكسىنى توختىتقۇزغان ۋە شوپۇر ۋېي × × نى يول بويىدىكى شىكەر قومۇچلۇقتا سۆرەپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرىۋېتىپ ، تاكسىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكەن .

تيەن چىمىڭ تاپشۇرغان يەنە بىر تەپسىلات دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ساقچىلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى : ئۇنىڭ شېرىكلىرى 2002 ـ يىلى 17 ـ يانۋار گۇاڭشىنىڭ چېگرا رايونىدىن بىر تۈركۈم ئۇنىسىز قورال ـ ياراق سېتىۋېلىپ ، سۇڭگاڭ بازىرىدىكى ئۆيسىغا يوشۇرۇپ قويغانىكەن . ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇش ھەرىكىتى بىر كۈن كېچىككەن بولسا ، بۇ قاراقچىلار قوراللىنىپ بولار ئىكەن . نېمە دېگەن خەتەرلىك ـ ھە !

تيەن چىمىڭدىن كېيىن ، مىجەزى قەبىھ ، پوزىتسىيىسى قاتتىق جۇ شياۋجۇ يەنە بىر قېتىم سوراقخانىغا ئېلىپ كېلىندى . تيەن چىمىڭ گەرچە ئادەتتە جۇ شياۋجۇ بىلەن «مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ» ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ دېلو سادىر قىلىدىغان «سادىق چۆپقەت» لەردىن بولسىمۇ ، ساقچىلار ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ـ ئارا گۇمانلىنىش ۋە ئارلىقتىن پايدىلىنىپ ، تيەن چىمىڭ تاپشۇرغانلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى چىقىرىپ ، جۇ شياۋجۇنىڭ دەل جايىغا تەككۈزۈپ جۇ شياۋجۇغا تەسىر كۆرسىتىپ قوزغىتىۋېدى ، ئادەتتە جىدەلخور ، قولى قاتتىق ، ئۆزىنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن ساناپ يۈرۈيدىغان جۇ شياۋجۇ ئىشنىڭ توگەشكەنلىكىنى پەملىدى ـ دە ، ئۆزى قاتناشقان بىر قاتار قاتىللىق دېلولىرىنى بىر ـ بىرلەپ تاپشۇردى . ئەمما ، ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى تېخى تورغا چۈشمىگەن شېرىكلىرىگە ۋە تيەن چىمىڭغا ئىتتىرىپلا قويدى .

## «يۈگەنسىز قولان» لارنىڭ «جىنايەتلىك گۇرۇھ» بولۇپ ئۇيۇشۇشى

2002 ـ يىلى 21 ـ يانۋار كۈنى ساقچىلار تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلۇشقا باشلاپ ، ھازىر رەسمىي قولغا ئېلىنىپ بولغان «ئايىن» لەقەملىك شياۋ شىڭيۇ تيەن چىمىڭنىڭ ئەڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى ئىدى . 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن بۇيان ئۇ سۇڭگاڭ بازىرىدا تۇرۇۋاتقانىغا ئۇزۇن بولغان تيەن چىمىڭ ۋە جۇ شياۋجۇلار بىلەن ناھايىتى قويۇق ئارىلىشىشقا باشلىغان . ئۈچ قېتىم تيەن چىمىڭ قاتارلىقلار بىلەن ئارلىقنى يىراق كۆرمەي فۇشەن شەھىرىگە ۋە گۇاڭجۇنىڭ تيەنخې رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ، ئۈچ دانە «سەنلىڭ» ۋە «چاڭخې» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ئوغرىلىغان . ئايىن زاڭ ئاپتوموبىللارنى بىر تەرەپ قىلىشىتىشكە ماھىر بولغاچقا ، گەرچە توپقا كېيىنرەك قوشۇلغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى تۆت زاڭ ئاپتوموبىلنى قولدىن چىقىرىپ ، بىر مۇنچە نەق پۇل قىلىپ بەرگەن .

شياۋ شىڭيۇ زاڭ ئاپتوموبىللارنى بازارغا سېلىش «ئوقىتى» نى ياخشى قىلىشتا ، ئۇ ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېتىلدۈرگەن ، بازار ئېچىش ئەمەلىي كۈچىگە باي بولغان بىر نەچچە يېقىن قولچۇمىقىغا تايانغان . ساقچىلار شياۋ شىڭيۇنىڭ تاپشۇرغانلىرىغا ئاساسەن ، 2002 ـ يىلى 22 ـ يانۋار گۇاڭجۇغا يېتىپ باردى ۋە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىلا تيەنخې رايونىنىڭ يۈەنسۇن مېيجۇ ئولتۇراق رايونىنىڭ باشقۇرۇش ئورنىغا كېلىپ ، شۇ ئورۇننىڭ ئىشچىسى ، زاڭ مال سودىسىغا ئۇستا جىنايەت گۇماندارى جۇڭ خاۋمىڭنى قولغا چۈشۇردى . شۇ كۈنى كەچتىلا يەنە جۇڭ خاۋمىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەتىشىگە قالدۇرۇۋالغان «چاڭخې» ماركىلىق مىنىبۇسنى ۋە باشقىلارغا

سېتىپ بولغان «ۋۆلىك» ماركىلىق بىر مىنىبۇسنى قولغا چۈشۈردى .


جۇ شياۋجۇ ، تيەن چىمىڭلارنىڭ ئەتراپىدا ئوغرىلاش ، سېتىشقا ماھىر «قوش ئىقتىدار» لىق شياۋ شىڭيۇدىن باشقا جىنايەتتىن قول ئۈزمەيدىغان بىر نەچچە «زالىڭ مال ساتقۇچى كەسپىي ئائىلە» بار . باۋئەن رايونى شاجىڭ بازىرىدىكى ئىشسىز «فېيدۇڭ» لەقەملىك چېن ۋېيدۇڭ ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇرى بولۇپ ، ئۇ ، بۇ گورۇھنىڭ بەش دانە زالىڭ ئاپتوموبىلىنى سېتىپ بېرىش بىلەن «كۆزگە كۆرۈنگەن» . «1 . 16» پەۋقۇلئاددە قاتىللىق ۋە بۇلاڭچىلىق دېلوسى جىنايەتچىلەر گورۇھىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تورغا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ ، شەپىسىز يولغا چىققان دېلو گورۇپپىسى ساقچىلىرى باۋئەن رايونىدىكى شاجىڭ بازىرىغا بېرىپ ، شاجىڭ پىرىستانىدا چېن ۋېيدۇڭنى قولغا چۈشۈردى .

بۇ جىنايەتچىلەر گورۇھىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى ، جۇ شياۋجۇ بىلەن گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ شەھىرىگە بىرگە بېرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئاپتوموبىل بۇلىغان چېن چىڭشىڭ تېلېفوندا ئۆزىگە قىلىشقا ئىش تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ 31 - يانۋار كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا باۋئەن رايونى سۇڭگاڭ بازىرى توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى . بۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان دېلو گورۇپپىسى ساقچىلىرى چاققانلىق بىلەن ئۇنىمۇ قولغا چۈشۈردى . «ئەزرائىل» دەپ نام ئېلىپ ، بىر مەھەل جاھانغا پاتماي كەتكەن بۇ «پىشقەدەم جاھانكەشتى» نىڭ «پوس» سىدە يېلى چىقىپ ، گۇاڭشىنىڭ ليۇجۇ شەھىرىدە ئۆتكۆزگەن قانلىق جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇردى .

گۇاڭشى لۇچۇەنلىك ياۋ بىنمۇ جۇ شياۋجۇ ۋە تيەن چىمىڭلار گورۇھىدىكى «كېيىن چىققان مۈڭگۈز» بولۇپ ، زالىڭ ئاپتوموبىللارنى سېتىش «نەتىجە» سى جەھەتتىن چېن ۋېيدۇڭنى بېسىپ چۈشەتتى ، ئۇ ئالتە ئاپتوموبىلنى قولدىن چىقارغانىدى . 4 - فېۋرال چۈشتىن كېيىن تيەن چىمىڭ دېلو گورۇپپىسى ساقچىلىرىغا ھەمكارلىشىپ ، «ئاياۋ» دېگەن شېرىكىگە تېلېفون بەردى ۋە «مال» بارلىقىنى ، دەرھال كېلىشىنى ئېيتتى . جاڭ جيې قاتارلىق بەش ساقچى پۇقراچە كىيىنىپ ، شۇ كۈنى كەچتە باۋئەن رايونىدىكى «فۇيۇڭ» قاتناش بېكىتى يېنىغا كېلىپ يوشۇرۇندى . ئەمما ، ھېلىگەر ياۋبىن پىكاپنى بېكەتتىن 200 مېتىر نېرىدا توختىتىۋالدى . تيەن چىمىڭ ئۇنى ساقچىلارغا تونۇپ بەرگەندىن كېيىن ، جاڭ جيې پىكاپنى ھەم چەت ، ھەم قاراڭغۇ بولغان ھېلىقى كوچىغا ھەيدەپ كىرىپ ، ئۇنىڭ يولىنى توغرا توستى . ئەتراپنى ساقچىلار قورشاپ بولغان بولسىمۇ ، ياۋبىن ئۆزىنىڭ كۆچتۈڭگۈر ھەم بەستلىكلىكىگە تايىنىپ بوي بەرمەي بىر پەس ئېلىشىپ كۆردى - يۇ ، يەنىلا «ليۇجۇۋاڭ» ماركىلىق كۆك مىنىبۇسى بىلەن بىراقلا قولغا چۈشتى . ساقچىلار ئەتىسى باۋئەن رايونىنىڭ فۇيۇڭ بازىرىدا ، ياۋ بىن سېتىۋەتكەن يەنە بىر مىنىبۇس — «لىڭمۇ چاڭخى» ماركىلىق ئالتۇنرەڭ مىنىبۇسنى قولغا چۈشۈردى .

جۇ شياۋجۇ ، تيەن چىمىڭ ، چېن چىڭشىڭ قاتارلىقلار ۋە «1 . 16» پەۋقۇلئاددە قاتىللىق قىلىش ، ماشىنا بۇلاش ۋەقەسىگە چېتىشلىق باشقا جىنايەتچىلەر جىنايىتى چېكىگە يەتكەن ، كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت يولىغا ماڭغان بولۇپ ، يېشىنىڭ كىچىكلىكىدىن يېنىكلىتىپ مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن دېگەن يېرىدىكى گۇاڭدۇڭ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش - تەربىيەلەش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىلگەندىكەن . ئەمما ، تاپتىن چىققان بۇ «يۈگەنسىز قۇلان» لار قاماقتىكى چاغلىرىدا غەيرىي دوستلۇق ئورناتقان ، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بىرەر توغرا كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتماي ، لاغايلاپ يۈرۈشكەن . 1999 - يىلى 6 - ئايدا ، تۈرمىدىن چىققىنىغا تېخى ھېچقانچە بولمىغان تيەن چىمىڭ باشقىلارغا ياللىنىپ ، قوشنا كەنتتىكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، قېچىپ يۈرگەن ۋە داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىنى تۇتقان . ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىدا تەربىيىلىنىۋاتقان چاغلاردىلا تونۇشۇپ ، قەدىناس بولۇپ ئۇيۇشۇۋالغان تيەن چىمىڭ ، جۇ شياۋجۇ ، چېن چىڭشىڭ قاتارلىقلار 2000 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ توپ - توپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلىشقا چۈشكەن ، ئىنسانىي تەبىئىتىنى تامامەن يوقاتقان . بۇ جىنايەتچىلەر گورۇھى قۇدرەتلىك قانۇننىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

**داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى**



# 500 يۈەن ئۈچۈن ئۈچ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش

چى جيەنگۇاڭ ، فەن شاۋجۇڭ ، چېڭ چۇنشېڭ

——شىخۇ شەھىرىدە يۈز بەرگەن «2001 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر» ئالاھىدە چوڭ قاتىللىق دېلوسىنىڭ پاش قىلىنىش خاتىرىسى

*2001 - يىلى 22 - ئۆكتەبىر شىخۇ شەھىرىدە بىر قېتىملىق ئالاھىدە چوڭ قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى . بۇ دېلو ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدى . ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تيەن چيو دېلونى تېز پاش قىلىپ ، قاتىلنى قاتتىق جازالاش كېرەك دەپ مۇھىم يوليورۇق بەردى . ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى دېلوغا مەخسۇس قوماندانلىق قىلدى . شىخۇ شەھىردىكى ساقچىلار 40 كۈندىن ئارتۇق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارى زېڭ شيەنلىنى قولغا ئالدى .*

1

2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەتىگەن ، شىخۇ شەھىرى گەنخوزا بازىرى 2 - ئەترىتىدىكى دېھقان جاڭ يۈەنجېن دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ۋېلسىپىتىنى مىنىپ بازارلىق دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانىدىكى كۆيئوغلى — دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ شۇجىسى ئۇۋ گۇاڭگۈينى ئىزدەپ باردى . كۆيئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، ئىشىك چىڭ تاقاقلىق بولۇپ ، ئىشىكنى خېلى ئۇزاق چەككەن بولسىمۇ ، ئاۋاز چىقمىدى . سائەت 10 بولاي دېگەن تۇرسىمۇ ئورنىدىن تۇرمىغانمىدۇ ؟ جاڭ يۈەنجېن بىر نېمىنى سەزگەندەك بولۇپ ، ئۆينىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ ، دېرىزىنى بىر نەچچە قېتىم چەكتى ، يەنىلا ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى . ئۇ دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ قاراپ نەۋرىسى ئۇۋ لياڭچىننىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، دېرىزىنى يەنە بىر نەچچە قېتىم كۈچەپ چەككەن

بولسىمۇ ، نەۋرىسىدە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى . جاڭ يۈەنجېن توساتتىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كۈيئوغلىنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر قانچە دېھقاننى چاقىرىپ كېلىپ ، قورۇغا ئارتىلىپ چۈشۈپ ، ئۆيگە كىردى . ئۆينىڭ ھەممە يېرى قانغا بويالغان بولۇپ ، قىزى ، كۈيئوغلى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى .

## 2

دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، شىخۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇن بو دەرھال 40 نەپەر خەلق ساقچىسى تەشكىللەپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى .

ئۇۋ گۇاڭگۇي ۋە ئۇنىڭ قىزى ئۇۋ لياڭچىن كارىۋاتتا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ ، قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق باش سۆڭىكىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىپ ئۆلگەنلىكىنى بېكىتتى . ئايالى جاڭ جيەنپىڭ ئېغىر يارىلانغان بولۇپ ، ھوشسىز ياتاتتى … شەرق تەرەپتىكى ئۆيدە بىر يېزىق ئۈستىلى بولۇپ ، تارتمىسى قومۇرۇۋېتىلگەنىدى . ئىشىكنىڭ غەربىي يان تەرىپىدىكى دېرىزە تەكچىسىدە جياڭيۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاستىغا بىر ھېساب دەپتىرى باستۇرۇغلۇق بولۇپ ، ئۈستىگە قالايمىقان قىلىپ ، مەن غۇلجا چىڭسىخوزىدا ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ، دېگەن خەتلەر يېزىقلىق تۇراتتى . تېخنىك خادىملار يېزىق ئۈستىلى ، جياڭيۇ بوتۇلكىسى ئېغىزىدىن بىر نەچچە كەمتۈك بارماق ئىزىنى تاپتى . زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە دېلو مەلۇم قىلغۇچىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ، 21 ـ ئۆكتەبىر ئۇۋ گۇاڭگۇينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر موتسىكلىت بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، گەنخوزا بازىرى 4 ـ ئەترەتتىكى ۋە 2 ـ ئەترەتتىكى ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېيىناتىسىنىڭكىگە دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكىلى بارغان . چۈشتىن كېيىن سائەت 17 دە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ، سائەت 21 دە ئۇۋ گۇاڭگۇي ئۆزى يالغۇز موتسىكلىت بىلەن مۇشۇ مەيداندىكى بىر دېھقانىنىڭكىگە بېرىپ ھېسابات قىلىپ بولۇپ ، سائەت 23 تىن 10 مىنۇت ئۆتكەنلەردە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن . 22 ـ چېسلا ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن 40 مىنۇتلار ئۆتكەندە ، قېيىناتىسى جاڭ يۈەنجېن ئۇۋ گۇاڭگۇينىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۈچ ئادەمنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىغان .

شۈبھىسىزكى ، بۇ بىر خاراكتېرى قەبىھ بولغان قاتىللىق دېلوسى . بۇ دېلونىڭ ۋاستىسى ۋەھشىي ، ئاقىۋىتى ئېغىر ، ئىجتىمائىي تەسىرى ئىنتايىن يامان بولۇپ ، شىخۇ تارىخىدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ . ج خ خادىملىرى نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ، دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانىدىكى يۈزگە يېقىن ئاممىا بىردەك ئۇۋ گۇاڭگۇينىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىپ ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلونى تېزدىن پاش قىلىپ ، قاتىلنى قاتتىق جازالىشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشتى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گوڭ شىنباۋ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تېخنىك خادىملارنى باشلاپ ، 400 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى ۋە دېلو پاش قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى . ئۇ دېلو پاش قىلىشقا قاتناشقان خەلق ساقچىلىرىدىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، پۇختا ھۇجۇم قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ ، دېلونى ئىمكانقەدەر تېز پاش قىلىپ ، پارتىيە ۋە خەلققە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى .

دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ، ئۆلگۈچى ئۇۋ گۇاڭگۇي 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بازارلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەيدان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن ، ئايالى دېھقانچىلىق مەيدانى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى . 11 ياشلىق قىزى ئۇۋ لياڭچىن گەنخوزا بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 6 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى . ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىسى قىزغىن ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى . ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۇۋ گۇاڭگۇي ئەر ـ خوتۇن يەنە ئىشىك ئالدىغا بىر كىچىك تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى ئېچىۋالغان بولۇپ ،

ئائىلە ئىقتىسادى يامان ئەمەس ئىدى . تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۇۋ گۇاڭگۇي ئەر ـ خوتۇن بىلەن پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى بولغان كىشىلەر بايقالمىدى . قاتىلنىڭ نەق مەيداندا ھېساب دەپتىرىگە قالدۇرۇپ قويغان : «مەن غۇلجا چىڭسىخوزىدا ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» دېگەن سۆزىنى تېخىمۇ چۈشەنگىلى بولمايتتى . قاتىل تەلۋىلىك قىلىپ ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ج خ ئورۇنلىرىغا ئېغۋاگەرچىلىك قىلغانمىدۇ ياكى ئەتەي كۆز بويامچىلىق قىلغانمىدۇ ؟ نەق مەيداننى چارلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر دېلو ئەھۋالىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ ، بۇ دېلونى بىر قېتىملىق پىلانلىق ھالدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى دەپ بېكىتتى . مال ـ دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بىر قەدەر چوڭ ، لېكىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايتتى . جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم بىر ، نەق مەيداندا تېپىلغان بارماق ئىزىنى قاتىل قالدۇرغان . مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر جىنايەت گۇماندارىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋاقتى ، ۋاستىسى ۋە نەق مەيداندا قېپقالغان نەرسىلەردىن ، جىنايەت گۇماندارىنى ئەر ، يېشى 28 بىلەن 40 ياشلار ئارىلىقىدا ، بوي ئېگىزلىكى 1.7 مېتىر ئەتراپىدا ، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئۇۋ گۇاڭگۇينىڭ ئائىلىسىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان ، يۈرەكلىك ھەم پەملىك ، ۋاستىسى قەبىھ ، ئاقىۋەتنى ئويلاشمايدىغان ، ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ھۆكۈم قىلدى .

## 3

دېلو پاش قىلىشقا قاتناشقان 40 تىن ئارتۇق خەلق ساقچىسى دەرھال بەش يولغا بۆلۈنۈپ ، دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننى مەركەز قىلىپ ، ئەتراپلىق ، كۆپ تەرەپلىمىلىك رازۋېدكا قىلىپ ، دېلو پاش قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى . شۇ كۈنى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ ، دېلو ئەھۋالىنى ئېلان قىلىپ ، ئاممىغا يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچىنى 5000 يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ؛ ئەتراپنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دېلو يۈز بەرگەن نەق مەيداننى مەركەز قىلىپ ، ئۆيمۇ ـ ئۆي تەكشۈرۈپ ، يىپ ئۇچى مەنبەسىنى كېڭەيتتى ؛ نەق مەيداننى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نەق مەيداننى داۋاملىق چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ ، يېڭى ماددىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئىزدىدى ؛ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇۋ گۇاڭگۇي بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە توقۇنۇشى بار كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ھەمدە يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەن ئىشلەمچىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ، نۇقتىلىق گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىۋالدى ؛ بارماق ئىزى بىلەن مۇشۇ يەرگە قاراشلىق رايوندىكى بۇ يىل جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ، داۋالىتىش ئۈچۈن كېپىلگە بېرىلگەن ، قېچىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بارماق ئىزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى...

25 ـ ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتى 4 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئالىمجان جىنايى ئىشلار رازۋېدكا مۇتەخەسسىسى گاۋ لېيەنيۈەن ، لى شاۋجۇ قاتارلىق تۆت كىشىنى باشلاپ شىخۇ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ، دېلو پاش قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى . نەق مەيداننى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەق مەيداندا قېپقالغان بارماق ئىزىنى دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ قالدۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى .

شىخۇ شەھىرى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، تۆت ئەتراپى قارىماي ، كۈيتۇن ، ساۋەن ، جىڭ قاتارلىق بەش ناھىيە (شەھەر) ۋە بىڭتۈەن دېھقانچىلىق 9 ـ شىسى بىلەن تۇتىشىدۇ ، ئاقما نوپۇس كۆپ ، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانى ۋە ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە سىرتتىن كەلگەنلەر كۆپ بولۇپ ، ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى . دېلو پاش قىلىشقا قاتناشقان كەڭ خەلق ساقچىلىرى بىر ئايدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە دېھقانچىلىق مەيدانى ، ئالتە كەنتتىكى جەمئىي 2200 دىن كۆپرەك ئادەمنى ، 2000 دىن كۆپرەك بارماق ئىزىنى تەكشۈرۈپ چىقتى . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سانجى ،

ئۈرۈمچى ، غۇلجا ، قۇمۇل ۋە بىڭتۇەن دېھقانچىلىق 8 ـ شىسى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ، تېپىلغان ئىسپاتلارنى تەكشۈردى . 1000 دىن كۆپرەك دېلو ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى .

دېلو پاش قىلىش خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىدى .

4

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بورتالا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە مۇھىم بىر يىپ ئۇچىنى ئىنكاس قىلدى : كومپيۇتېردا بارماق ئىزىنى سېلىشتۇرۇش سىستېمىسى ئارقىلىق «22 ـ ئۆكتەبىر» ئالاھىدە چوڭ قاتىللىق دېلوسىنىڭ نەق مەيداندىكى بارماق ئىزى بىلەن بورتالا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بارماق ئىزى ئامبىرىدىكى سۇڭ شياۋبونىڭ بارماق ئىزىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن . شىخۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىدىكى تېخنىك خادىملار بورتالا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئەۋەتكەن بارماق ئىزى بىلەن نەق مەيداندىكى بارماق ئىزىنى تۆت قېتىم ئوخشاش بولمىغان تەرەپتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ئوخشاش بىر يەكۈن چىقاردى . بۇ بايقاش بىر ئىزدا توختاپ قالغان دېلو پاش قىلىش خىزمىتىدە چوڭ بۆسۈش پەيدا قىلدى .


مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى دەرھال جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى چيەن جيەنمىڭنىڭ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ تېزلىكتە بورتالا شەھىرىگە بېرىشنى قارار قىلدى . بورتالا شەھەرلىك ساقچى تەرەپنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ، سۇڭ شياۋ بو ئۆي ھايۋانلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ ، جىڭ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن . تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر ئاز ئارام ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ، داۋاملىق يول يۈرۈپ جىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ باردى . تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، سۇڭ شياۋبو 1997 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇلغانلىقى ئېنىقلاندى . 1998 ـ يىلى جىڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى سۇڭ شياۋبونى خېنەن ئۆلكىسى لۇبا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى .

سۇڭ شياۋبو ئەسلىي يۇرتىغا قايتقانمۇ ، ياكى شىنجاڭدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنمۇ ؟ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ، دەرھال تۇتۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ رۇڭخۇانىڭ باشچىلىقىدا ئايروپىلان بىلەن خېنەنگە بېرىپ ، خېنەن ئۆلكىسى لۇبا ناھىيىسىگە سۇڭ شياۋبونى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، نۆۋەتلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىگىلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن ، كۈيتۇن ، گاۋچۇەن ، شىخۇ قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ، ئاختۇرۇپ تۇتۇشنى باشلىۋەتتى ، جىنايەت گۇماندارى سۇڭ شياۋبو قالدۇرغان ھەر قانداق يىپ ئۇچىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈردى . 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خېنەنگە سۇڭ شياۋبونى تۇتقىلى كەتكەن مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى جاڭ رۇڭخۇا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ، سۇڭ شياۋبونىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ زېڭ شيەنلى ئىكەنلىكى ، 1998 ـ يىلى جىڭ ساقچىلىرى ئەسلىي يۇرتىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ، ئوت قويۇش جىنايىتى بىلەن لۇبا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتلىك بىر يېرىم يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ، جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ، ئادەم ساتقان دەپ گۇمان قىلىنىپ ، شۇ يەردىكى ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانلىقى ، ھازىر جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرگەنلىكى ، تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەر لۇبا ناھىيىسىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ، زېڭ شيەنلىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، زېڭ شيەنلىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى زېڭ شيەنجىنىڭ ھازىر شىنجاڭ بورتالا شەھىرىنىڭ جىڭ ناھىيىسىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئىگىلىگەنلىكىنى دوكلات قىلدى . مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى

دەرھال ئۇقتىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇردى .

ئۇقتىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قايتا جىاڭ ناھىيىسىگە بېرىپ ، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، زېڭ شىيدىلى بىلەن زېڭ شيەنجىننىڭ 2001 ـ يىلى 3 ـ ، 4 ـ ئايلاردا يوشۇرۇن كۆچۈپ كەتكەنلىكى ، ئېھتىمال ئۆلارنىڭ ئارشاڭغا ئىشلىگىلى كەتكەنلىكى ، كونكرېت ئادرېسىنىڭ ئېنىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدى . تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېچىلەپ ئارشاڭغا يېتىپ بېرىپ ، ئارشاڭ ساقچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ، ئاممىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ ، زېڭ شيەنجىننىڭ مەلۇم مەيداندا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىدى . تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ، ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ ئايلانما يولىنى بويلاپ ، ھەر بىر مەيدان ، يېزا ، كەنتلەرنى بىرمۇ ـ بىر ئاختۇردى . «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك ، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاختۇرۇپ 19 ـ كەنتكە كەلگەندە ، قوي فېرمىسى 2 ـ ئەترەتتىن ئاخىرى زېڭ شيەنجىنى تاپتى . ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ، زېڭ شيەنلىنىڭ يېرىم ئاي بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى ھەم بىر ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتى .

«تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» . يېتەكچى چيەن جيەنمىڭ بۇ چوڭ بايقاشنى تېزلىكتە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە دوكلات قىلدى . ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جىنجاڭ دەرھال تۇتۇش ھەرىكىتىنى



ئورۇنلاشتۇردى .

شۇ كۈنى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شىنجى 11 نەپەر جىنايى ئىشلار ساقچىسىنى باشلاپ كۈيتۇن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدى . كۈيتۇن ساقچىلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ، تېلېفون نومۇرىنىڭ كۈيتۇن شەھىرى ئۈرۈمچى غەربىي يولى 1 ـ ئولتۇراق ئۆي رايونىدىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . دۇكان خوجايىنى ۋە يەرلىك ئاھالىلار كومپيۇتېردىكىلەرنىڭ زېڭ شيەنلىنىڭ سۈرىتىنى پەرق ئېتىشى ئارقىلىق ، زېڭ شيەنلىنىڭ ھەقىقەتەن يېقىن ئەتراپتا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈردى . زېڭ شيەنلى يوشۇرۇنغان ئولتۇراق ئۆي رايونىنىڭ كۆپ قىسمى ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەر بولۇپ ، ئادەملەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى . ئەگەر ھەرىكەتتە ئازراقلا ئېھتىياتسىزلىق كۆرۈلسە ، ئۇنى چۆچۈتۈپ قويۇپ ، خىزمەتنى ناھايىتى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى . ئازراقمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى زېڭ شيەنلىنى مەخپىي تۇتۇشنى قارار قىلدى . 2 ـ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى يولداش دۇجيەنجۇڭ جەڭگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى . ئۇ دۇكان خوجايىنىنىڭ جىيەنى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ساختا پۇلغا ھاراق سېتىۋالغان ئادەمنى ئىزدەشنى باھانە قىلىپ ، دۇكان ئەتراپىدىكى ئىجارە بېرىلگەن ئۆيلەرنى بىرمۇ ـ بىر ئاختۇرۇپ چىقتى . شۇ كۈنى كەچ سائەت 21 دە ، دۇ جيەنجۇڭ دۇكاننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 3 ـ كورپۇس ئائىلىلىك بىناسىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا ، بىر ئىجارە بېرىلگەن ئۆيدىن زېڭ شيەنلىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ياشنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى بايقىدى . دۇجيەنجۇڭ چاندۇرماي ساختا پۇل سورىغانلىق بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ سەپسالدى . ئۇنىڭ كۆزى يوغان ، چاسا يۈز ، بويى 1. 75 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى . ئۇ دەرھال يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ساقچىلارغا مەخپىي تۇتۇش بەلگىسى بەرگەندىن كېيىن ، ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ زېڭ شيەنلىنى تۇتتى ۋە ئۇنى يەرگە يىقىتتى .

شۇ كۈنى كەچتە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى كۈچ تەشكىللەپ زېڭ شيەنلىنى سوراق قىلدى . 10 نەچچە سائەت ئېلىشىش ئارقىلىق ، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋېرىشكە ئامالى قالمىغان زېڭ شيەنلى ئاخىرى ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك جىنايى پاكىتىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

جىنايەت گۇماندارى زېڭ شيەنلى ، 35 ياش ، تىمەن ، بىراق ئۇ بىكار تەلەپ بولۇپ ، ھەمىشە كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خىيال قىلاتتى . 2000 ـ يىلى كۈزدە زېڭ شيەنلى شىخۇ گەنخوزا بازىرى دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانىدا پاختا تېرىۋاتقاندا ، دېھقانچىلىق مەيدانى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوۋ گۇاڭگۇي ئائىلىسىنىڭ پۇلى بارلىقىنى ئاڭلىغان . 2001 ـ يىلى زېڭ شيەنلى يەنە دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانىغا پاختا تەرگىلى بارغان ھەمدە ئالايىتەن ئوۋ گۇاڭگۇي ئائىلىسى ئاچقان ماگىزىنغا تاماكا سېتىۋالغىلى بېرىپ ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتراپتىكى مۇھىتنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققان . 21 ـ ئۆكتەبىر زېڭ شيەنلى قايتا پىلانلىغاندىن كېيىن ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئارشاڭ ناھىيىسىدىن شىخۇ شەھىرىگە كەلگەن . قاراڭغۇ چۈشكەندە دېھقانچىلىق تەرەققىيات مەيدانىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ ، ئوۋ گۇاڭگۇي ئائىلىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى جىگدىلىكتە يوشۇرۇنۇۋالغان . 22 ـ چېسلا سەھەر سائەت بىر ئەتراپىدا ، زېڭ شيەنلى پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ ئويلاپ ، ئوۋ گۇاڭگۇينىڭ ئۆيىگە ئارتىلىپ كىرىپ ، ئوۋ گۇاڭگۇي ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئايالىنى چاناپ ئېغىر يارىلاندۇرۇپ ، 500 يۈەن نەق پۇل ۋە بىر قىسىم نەرسە ـ كېرەكلەرنى بۇلاپ كەتكەن . ئۆز جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەن زېڭ شيەنلى ج خ ئورگانلىرىنىڭ زەربە بېرىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ، ھېساب دەپتىرىگە «مەن غۇلجا چىڭسىخوزىدا ئۈچ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل» دەپ يېزىپ قويۇپ ، رازۋېدكىچىلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىماقچى بولغان . ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىغان زېڭ شيەنلى ئاخىرى قانۇن تورىغا چۈشتى ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى قانۇننىڭ قاتتىق جازاسى .

**مامۇتجان ئېلى تەرجىمىسى**



جياڭ نەن ، لياۋ باۋخۇا

2000 ـ يىلى شەرقىي سى-
چۈەننىڭ شۈەنخەي ناھىيىسىدىكى
تاغلىق رايوندىن داجۇغا ئۆردەك
سودىسى قىلغىلى كەلگەن كە-
چىك خوجايىن ياڭ جۈن ئۈچۈن
بىر بەختسىز يىل بولدى . بۇ بىر
يىل ئىچىدە ، ئۇ ساھىبجامال ئا-
يالغا ئۆيلىنىشنىڭ تەڭداشسىز
خۇشاللىقىنى ، خوتۇنى باشقا
ئەردىن ئىغىر ئاياغ بولۇپ قې-
لىشنىڭ ئازابلىرىنى ، خوتۇنى
تەرەپتىن ئالدىنىشنىڭ ئار ـ نو-
مۇسىنى ھەمدە نىكاھتىن ئايرد-
لىش جېڭىنىڭ كىشىنى ھەي-
رەتتە قالدۇرىدىغانلىقىنى كۆر-
دى . . .

## ئاسماندىن چۈشكەن خۇشاللىق

ياڭ جۈن 20 يېشىدىلا يۇرتى-
دىن ئايرىلىپ داجۇغا كېلىپ
ئىشلەمچى بولدى ، ئىلگىرى ـ
كېيىن ياماقچى ، سېمونت لايچى
ۋە ئاشپەز بولۇپ ئىشلىدى . كې-
يىن ئۇ بوۋىسىنىڭ ئاتا مىراس
ئۆردەك پىشۇرۇش ھۈنىرى بارلد-
قىنى ئاڭلاپ ، كىچىككىنە جاينى
ئىجارىگە ئالدى ـ دە ، بوۋىسىنى
ئۆردەك پىشۇرۇشقا تەكلىپ قىل-
دى . مۇنداق ئۆردەك پىشۇرۇش ياڭ
جەمەتىنىڭ بىر ئېسىل ھۈنىرى
بولغاچقا ، پىشۇرۇلغان ئۆردەك
ھەقىقەتەن قالتىس مەززىلىك ئى-
دى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ياڭ جۈن
تىجارەتكە ماھىر بولغاچقا ، ئۇ-
لارنىڭ تىجارىتى ئوبدانلا روناق
تاپتى . ياڭ جۈن ئىككى يىل ئى-
چىدە ، بارلىق چىقىملارنى چى-
قىرىۋېتىپ ، نەق يۈز نەچچە مىڭ
يۈەن ساپ پايدا ئالدى . ياڭ جۈن
كېلىشكەن يىگىت ئىدى ، شۇڭا
بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا
مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ، ئەلچى
بولۇپ كەلگەنلەر ئۇلارنىڭ بوسۇ-
غىسىنى خېلىلا ئۇپراتقانىدى .
ھالبۇكى ، تۇيۇقسىز كەلگەن بىر
پارچە سۆيگۈ خېتى تراگېدىيىلىك
نىكاھنىڭ پەردىسىنى ئاچتى .
1999 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ
مەلۇم بىر كۈنى ياڭ جۈن شىن-
جېندىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى
تاپشۇرۇۋالدى .
بۇ خەت ياڭ جۈننىڭ باشلان-
غۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سا-
ۋاقدىشى ، ئالاقىلاشمىغىلى ئون
نەچچە يىل بولغان «سىنىپ گۇ-
لى» ۋاڭ شيۇجۈەندىن كەلگەنىدى .
خەتتە : «قەدىناس ساۋاقداش ،
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئون
نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، ئەمما
سىزنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان
چىرايىڭىز ، يېقىملىق ئاۋازىڭىز
ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا ، قۇلاق
تۈۋىمدە نامايان ... ئىككىمىزنىڭ
ئەينى چاغدا ئوت بولۇپ يانغان
يۈرىكىنى قايتىدىن جۈپلەشتۈر-
گىلى بولارمۇ ؟» دېيىلگەنىدى .
ۋاڭ شيۇجۈەننىڭ سۆيگۈ يال-
قۇنجاپ تۇرغان خېتى ياڭ جۈن-
نىڭ يۈرىكىنى ئەسىر قىلىۋالدى .
بىلىش كېرەككى ، ۋاڭ شيۇجۈەن
ئەينى يىللىرى ياڭ جۈننىڭ قەل-
بىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان
«ئاپئاق مەلىكە» ئىدى . خەت ئۇ-
نىڭ خىيال قۇشلىرىنى پەرۋاز
قىلدۇردى . . .
ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوت-
تۇرا مەكتەپكىچە ۋاڭ شيۇجۈەن
بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدى .
ۋاڭ شيۇجۈەننى ئوغۇللار «سى-
نىپ گۈلى» دەپ ئاتىشاتتى . تو-
لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىق-
قاندىن كېيىن ، سىنىپ كادىرى
بولغان ياڭ جۈن بۇ «سىنىپ
گۈلى» نى ياقتۇرۇپ قالدى ، پۇر-
سەت بولسىلا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .
مانا ئەمدىلىكتە ئۆزىنى شېنجېن-
دىكى مەلۇم خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى
شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى

دەپ ئاتىغان ۋاڭ شيوجۈەننىڭ
خېتى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چەك-
مەي تۇرالىسۇنمۇ ؟ ! ئۇ دەرھاللا
ۋاڭ شيوجۈەنگە ئون نەچچە بەتلىك
جاۋاب خەت يازدى ، كىچىكىدىن
بىللە ئۆسكەن «سىنىپ گۈلى»
بىلەن جۈپ قوشماق بولۇشقا
تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭ شيوجۈەن-
دىن جاۋاب كەلدى . بۇ خەتتە ئۇ
گەپنى تېخىمۇ ئوچۇق قىلغانىدى :
«مەن ياقا يۇرتتا ئون نەچچە يىل
مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ ، بەكلا
ھاردىم ، ھالسىرىدىم ، ماڭا ھە-
قىقىي يۆلەنگۈدەك يۆلەنچۈك كې-
رەك ، سىزنىڭ ماڭا توي قىلىش
تەلىپى قويۇشىڭىزنى كۈتۈپ تۇ-
رۇپتىمەن ، سىز خالامسىز ؟...»

ياڭ جۈن دەرھاللا ۋاڭ شيۇ-
جۈەنگە تېلېفون بېرىپ ، سۆزلە-
شىش ئۈچۈن داجۇغا تەكلىپ
قىلدى .

1999 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىر ،
ياڭ جۈن چىرايلىق ياسىنىپ ،
تاكسىغا ئولتۇرۇپ ، ۋاڭ شيۇ-
جۈەننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چوڭ-
چىڭدىكى جياڭبېي ئايرودرومىغا
كەلدى . مودا كىيىنگەن ، بويى
زىلۋا ، ئۇزۇن چاچ بىر قىز ئاي-
رودرومنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن
ئۇنىڭ ئالدىغا ناز ـ كەرەشمە بى-
لەن چىقىپ كەلگەندە ، ياڭ جۈن
ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇ كۆز
ئالدىدىكى بۇ سالاپەتلىك ، پەرىشتە
سۈپەت قىزنىڭ ئۆزى ئۇزۇندىن
سېغىنىپ كەلگەن ھېلىقى «سى-
نىپ گۈلى» ئىكەنلىكىگە ئىشەن-
مەي قالدى .

2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ، كۆ-
تۈشكە تاقىتى قالمىغان ياڭ جۈن
ۋاڭ شيوجۈەنگە تېلېفون بېرىپ ،
ئۇنىڭ شېنجېندىن ئۆز يېنىغا
قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى . ۋاڭ
شيوجۈەن داجۇغا كېلىپلا ئەتىسى
ياڭ جۈننى توي خېتى ئېلىشقا
ئالدىراتتى . ياڭ جۈننىڭ قەلبى
مۇنداق بىر مۇلايىم ، گۈزەل
«سىنىپ گۈلى» گە ئېرىشىدى-
غانلىقىدىن شادلىققا تولغانىدى ،
ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ
كەتتى . ئۇ ھېچقانداق ئويلانمايلا ،
دەرھال ۋاڭ شيوجۈەن بىلەن قول
تۇتۇشۇپ بېرىپ توي خېتى ئالدى
ۋە توي قىلىش ئۈچۈن شۈەنخەي-
دىكى يۇرتىغا باردى .

2000 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال ،
ياڭ جۈن بىلەن ۋاڭ شيوجۈەن يۈز
شىرەلىك زىياپەت تەييارلاپ ،
كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى .
ئۇلار تويدىن كېيىن بىللە شە-
ھەرگە قايتىپ كەلدى . توي بولۇپ
10 كۈندىن كېيىن ۋاڭ شيوجۈەن
تولىمۇ خىجىل بولغان ھالدا :
«مەن ئېغىر ئاياغ بولدۇم ، سىز
ئاتا بولۇشقا تەييارلىنىڭ» دېدى .
راست دېگەندەك ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا
ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېلىشىش ، ھۆ
قىلىشتەك ئېغىر ئاياغلىق ئالا-
مەتلىرى كۆرۈلدى .

## ۋاقتىدىن بۇرۇن ھامىلدار بولۇشنىڭ سىرى

ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغان-
لىقىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ
ياڭ جۈن ئايالى ۋاڭ شيوجۈەننى
ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى قوي-
مىدى ، ئۇنى ئۆزى كۈتكەندىن
سىرت ، ئۆز ئانىسىنى خۇددى بالا
باققۇچىدەك ، ئۇنى كۈتۈشكە سال-
دى . ۋاھالەنكى ، توي قىلىپ يې-
رىم ئايمۇ ئۆتمەي تۇرۇپ ھامىلـ-
دارلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشتەك
غەلىتە ئىش ياڭ جۈننى ئالدىيا-
لىغىنى بىلەن ئايال بولغان ئانا
بىلەن ياڭ جۈننىڭ ھەدىسىنى
ئالدىيالمىدى . ئۇلار ھامىلدار
بولۇش ۋاقتى توغرا ئەمەس دەپ
گۇمان قىلدى ھەمدە بۇ گۇماننى
ياڭ جۈنگە ئېيتتى . ياڭ جۈن
دوختۇرخانىغا بېرىپ سۈرۈشتە
قىلدى . دوختۇر ئۇنىڭغا تويدىن
كېيىن ئاز دېگەندىمۇ ئىككى ئاي
ئۆتكەندە ئاندىن ھامىلدارلىق ئا-
لامىتى كۆرۈلىدۇ ، دېدى . شۇڭا
ئۇ ، ۋاڭ شيوجۈەندىن «ۋاقتىدىن
بۇرۇن ھامىلدار بولۇش قانداق
گەپ ؟» دەپ سورىدى . شۇ چاغدا
ۋاڭ شيوجۈەن گاڭگىراپ ، قىزى-
رىپ ـ تاترىپ كەتتى ، ئاندىن
يىغلىدى ، غوۋغا كۆتۈردى . ياڭ
جۈن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سو-
راشقا مەجبۇر بولدى . بىر خىل
بەختسىزلىك كۆلەڭگىسى ياڭ
جۈن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قاپ-
لىۋالدى . بىر نەچچە قېتىم ۋاڭ
شيوجۈەن چۈشىدە جۆيلۈپ «ۋېي
چياڭ» دېگەن بىر ئىسىمنى چا-
قىردى . ياڭ جۈن بەكلا خاپا بو-
لۇپ ، ئۇنى ئويغىتىپ سورىۋېدى ،
ئۇ خاتا ئاڭلاپ قاپسىز ،دەپ تورۇ-
ۋالدى .

شۇنداق بولۇشقا قارىماي ، ياڭ
جۈن ھەر قانچە ئالدىراش بولۇپ
كەتسىمۇ ۋاڭ شيوجۈەننى دوخ-
تۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ
تۇردى ، ئۆزى ئۆردەك كاۋاپخانى-
سىدا بولغاندا ، ۋاڭ شيوجۈەنگە
ئانىسىنى قاراتتى . كىم بىلسۇن ،
موماي كۆكتات ئالغىلى بازارغا

چىقىپ كەتكەندە ، ۋاڭ شيۇجۇەن دائىم دېگۈدەك يانفوندا شېنجېندىكى بىرسى بىلەن سۆزلەشتى ، كېيىنچە ياڭ ئانا بولسىمۇ سۆزلىشىۋېرىدىغان بولدى . ئۇلار گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىشەتتى ، بەزىدە قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى ، بەزىدە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى ، بۇنىڭدىن ياڭ ئانا تولىمۇ ئەجەبلىنەتتى .

ياڭ جۇن بۇ ئىشنى سورىۋېدى ، ۋاڭ شيۇجۇەن بىشەملىك قىلىپ «مېنىڭ ناھايىتى ئوبدان ئۆتەشىدىغان بىر ھەمشىرەم گۇاڭدۇڭلۇق ، ئىككىمىز كۆڭلىمىزدىكى بەزى گەپلەرنى قىلىشىمىز ، بۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەكمىدى ؟» دېدى .

ئايالىنىڭ مۇنداق غەلىتە ئىشلىرىنى چۈشىنەلمىگەن ياڭ جۇننىڭ كۆڭلىنى ئېغىر غەشلىك قاپلىۋالدى .

2000 - يىلى 25 - ماي ، قوياش ئالەمنى تونۇردەك قىزدۇرغانىدى . ياڭ جۇن دۇكاندا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى ، ئۇنىڭ بىر تونۇشى پىۋا ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ، ئۇنى مازاق قىلدى :

— ھەي ، سەن خوتۇنغا ئامراقلىقىڭ بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا يوغان قورساق ئايالىڭنى پۇل ئېلىشقا ئەۋەتتىڭمۇ ؟

ياڭ جۇن بۇ گەپنىڭ تەگىگە يېتەلمىدى . ھېلىقى تونۇشى ئۇنىڭغا مەن خەت سېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا بارغاندا ، ئايالىڭنىڭ بىر تۇتام پۇل ئالغانلىقىنى كۆردۈم ، دېدى .

«ئايالىمغا پۇلنى كىم ئەۋەتكەندۇ ؟» كۆڭلى غەش بولغان ياڭ جۇن ئۆيىگە قايتقاندا ، ئايالىدىن بۇ ئىشنى سورىدى . ۋاڭ شيۇجۇەن گۇاڭدۇڭدىكى بىر قانچە خان قىز ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ، ئوزۇقلۇق ئال دەپ پۇل ئەۋەتىپتۇ ، دېدى .



2000 - يىلى 22 - ئىيۇل چۈشتە ، «ئىككە» دېگەن يىغا ئاۋازىدىن كېيىن ، سېستىرا بىر ئوغۇل بوۋاقنى كۆتۈرۈپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىقىپ كەلدى . «ئانا» بولغان ياڭ جۇننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى ، ئايالى ۋە بالىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ، تېزلىكتە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىدى . ئۇنىڭ بالىنى كۆرگەن دوستلىرىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ، ئۇ بالا ياڭ جۇنغا قىلچە ئوخشىمايتتى ! 10 - ئايدا بويىدا قالغان دېگەندىمۇ ، نېمە ئۈچۈن ئىككى ئاي بۇرۇن تۇغىدۇ ؟

زىياپەت ئاخىرلىشىپ ، دوست - بۇرادەرلەر تارقىدى . ياڭ جۇننىڭ ھەدىسى زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتكەن ياڭ جۇننىڭ سەممىگە سېلىپ :

— بۇ بالا ساڭا زادىلا ئوخشىمايدۇ ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقامسەن ، قانداق ؟ — دېدى .

ياڭ جۇن مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خاپا بولۇپ يۈرگەندە ، ئۇنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى : ۋاڭ شيۇجۇەن يەڭگىپ بولغاندىن كېيىنكى بىر كۈنى ، تاھارەت قىلىمەن دەپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ، ئىشىكنى تاقاپ ، يانفوندا گۇاڭدۇڭچە سۆزلەشتى ، سۆزلەۋېتىپ ئاچچىق كۈلدى . بۇ ئىشتىن ياڭ جۇننىڭ كۆڭلى ئازار يېدى . ۋاڭ شيۇجۇەن تازىلىق ئۆيىدىن چىقىشىغا ئىككىسى ئورۇشۇپ كەتتى .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، ياڭ ئانا كېلىنىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيىۋاتقاندا ، يانچۇقىدىن بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت چىقىپ قالدى . سۈرەتتە ، ۋاڭ شيۇجۇەن بىر سېمىز كىشىگە خۇددى ئۇنىڭ ئايالىدەك مەھكەم چاپلىشىپ تۇراتتى... موماي سۈرەتنى ئوغلىغا كۆرسەتتى . غەزەپلەنگەن ياڭ جۇن سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدى . ۋاڭ شيۇجۇەن چۈشەندۈرۈپ :

—ئۇ كىشى خوجايىنىم . بىر نۆۋەت ساياھەتكە چىققاندا شۇنداقلا بىر تارتىلغان سۈرەت ، —دېدى . ياڭ جۈن سۈرەتتىكى ئەرنى بالا بىلەن سېلىشتۇردى ، بالىنىڭ قاش - كۆزى ، بۇرنى ، چىرايى سۈرەتتىكى ئەرگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى .

ئۇزۇندىن بېرى گۇمانلىنىپ كەلگەن ياڭ جۈن دەر غەزەپكە كەلدى . ئۇ ۋاڭ شيۇجۈەننىڭ يەڭگىگەنلىكىگە بىر ئاي توشمىغانلىقىغا قارىماي ، ئۇنىڭغا قاتتىق بىر كاچات سالدى ، ئاندىن بالىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ماڭدى .

قان تىپىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى : «بالا» نىڭ قان تىپى O ، «ئاتا» نىڭ قان تىپى A. توي قىلغان چاغدىكى تەكشۈرۈشتە ، ھازىرقى ئانا بولغۇچى ۋاڭ شيۇجۈەننىڭ قان تىپى O ئىدى . دوختۇر ياڭ جۈنگە : «ئاتا - بالىنىڭ قان تىپى بىر - بىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس ، بۇ سىزدىن تۆرەلگەن بالا بولمىسا كېرەك» دېدى .

## ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىدى

ياڭ جۈن قان تىپىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى يېزىلغان قەغەزنى «پاققىدە» شىرە ئۈستىگە قويغاندا ، ۋاڭ شيۇجۈەن ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي ، «گۈپپىدە» تىزلاندى - دە ، ياڭ جۈنگە ئۆزىنىڭ ئاشنىسى بىلەن بىللە ئىشلەتكەن سۇيىقەست ۋە ھىيلىسىنى ئاشكارىلىدى .

ۋاڭ شيۇجۈەن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شېنجېنغا ئىشلەمچىلىك قىلىشقا باردى . ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت ئىشلەپ ، ھېرىپ - چارچاپ ، پۇتۇن ۋۇجۇدى ئۇرۇپ چىققۇەتكەندەك ئاغرىيتتى . بىر ئاي جاپالىق ئىشلەپ بەش - ئالتە يۈز يۈەن تاپاتتى ، ئەمما بۇ پۇلدىن تاماق يەپ ، كىيىم كىيىپ ، ئاي ئاخىرىدا قولىغا ھېچقانچە ئاشمايتتى .

1997 - يىلى ئۇ شېنجېن باۋئەندىكى ۋېيچياڭ خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە كىردى . نازۇك بەدەن ، ساھىبجامال ۋاڭ شيۇجۈەن شىركەتتىكى ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان شەخسكە ئايلاندى . بىراق ، بىر جۈپ كۆز ئۇنىڭغا ئالاھىدە تىكىلگەنىدى . ئۇ شۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى چېن ۋېيچياڭ ئىدى . 50 ياشلاردىن ھالقىغان بۇ ئادەم شېنجېندىكى داڭلىق كاتتا خوجايىنلارنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ كۆز تىككەن ئاياللارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ قارمىقىغا ئىلىنماي قالمايتتى .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجە مۇناسىۋەتتى ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى .

چېن خوجايىننىڭ ئايالى ۋە بىر قىزى بار ئىدى ، ئەمما ئۇ ۋاڭ شيۇجۈەننىڭ گۈزەل جامالى ۋە ناز - كەرەشمىسىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى - دە ، ئۇنىڭ بىلەن «ئىككىنچى خوتۇن» لۇق توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى : ۋاڭ شيۇجۈەن چېن ۋېيچياڭ قاچان چاقىرسا ، شۇ ھامان ھازىر بولۇش ؛ چېن ۋېيچياڭ ئۇنىڭغا بىرەر مىليون يۈەنلىك يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ھەشەمەتلىك ئۆي ئېلىپ بېرىش ؛ ھەر يىلى ۋاڭ شيۇجۈەنگە 150 مىڭ يۈەن بېرىش ؛ ئەگەر ۋاڭ شيۇجۈەن ئۈچ يىل ئىچىدە چېن ۋېيچياڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسە ، ئۇنىڭغا بىر ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ ئېلىپ بېرىش .

بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ھەق ئىدى ! ۋاڭ شيۇجۈەن بۇ كېلىشىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .

1999 - يىلى 10 - ئايدا ئۇ راستتىنلا ھامىلىدار بولدى . تەكشۈرۈش ھامىلىنىڭ ئوغۇللۇقىنى دەلىللىدى . ۋاڭ شيۇجۈەن بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قالتىس باش قاتۇرۇپ ، ئاخىر ساۋاقداشنى—ئۆزىگە ئەينى چاغدا مەستانە بولغان ياڭ جۈننى ئەسكە ئالدى . ئۇ ياڭ جۈننى ئالداپ قارماققا ئىلىندۇرۇپ ، خوجايىننىڭ «ئوغلى» نى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىپ قايتىپ كېلىپ «ئىنئام» نى ئالماقچى بولدى . شۇ چاغدا چېن خوجايىنمۇ «بېقىۋالدۇق» دەپ ، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئوغلىنى ئۆيىگە ئېلىپ بارالايتتى . راست دېگەندەك ، ياڭ جۈن قارماققا ئىلىندى ، ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە توي قىلدى . ۋاڭ شيۇجۈەن ياڭ جۈننى نىكاھ توزىقىغا سۆرەپ كىردى .

## نىكاھتىن ئاجرىشىش جېڭى

—ئاجرىشايلى ! —دېدى ياڭ جۈن غەزەپ بىلەن شىرەنى مۇشتلاپ .

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ياڭ جۇن ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ ، ۋاڭ شيوجۈەن ۋە چېن خوجايىن ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدى . ئۇنىڭ ئەرزنامىسىدا مۇنداق يېزىلغانىدى : بىرىنچى ، ۋاڭ شيوجۈەن ۋە چېن ۋېيچياڭ تىل بىرىكتۈرۈپ ، قىلتاق قۇرۇپ ، مېنى نىكاھ ئالدامچىلىقى پاتقىقىغا سۆرەپ كىردى ، مەن ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ، بۇ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرمەن . «بالا» ئايال تەرەپنىڭ نىكاھسىز تاپقان بالىسى بولۇپ ، ئايال ئۇزى باقسۇن ؛ ئىككىنچى ، ئۇلار روھىي زىيان ۋە ياشلىق زىيىنى ئۈچۈن بەش يۈز مىڭ يۈەن ، هارام بالىنى باقتانلىقىم ئۈچۈن ئەللىك مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىسۇن ؛ ئۈچىنچى ، ئۇلار گېزىت يۈزىدە مەندىن ئەپۇ سوراپ ، جەمئىيەتتە بەختىسىز بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ تەسىرىنى تۈگەتسۇن ؛ تۆتىنچى ، ۋاڭ شيوجۈەن ، چېن ۋېيچياڭلارنىڭ قوش نىكاھلىق جىنايىتىگە جازا بېرىلسۇن .

شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ بىر نىكاھتىن ئايرىلىش دەۋاسىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى .

سوتتا هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى قاتتىق تىركەشتى ، ئاجايىپ كەسكىن مۇنازىرە قىلدى . بىر تەرەپ بۇ بىر سۇيىقەست ، ئىقتىساد ، مۇهەببەت ، نىكاھ جەھەتتىكى ئالدامچىلىق دېسە ، يەنە بىر تەرەپ ئىككىيلەننىڭ مۇھەببىتى ياخشى ، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان ، ئالدامچىلىق مەۋجۇت ئەمەس ، قان تېپىنى تەكشۈرۈش خاتا بولۇشى مۇمكىن ، دەۋاگەرنىڭ ناھايىتى يۇقىرى روھىي زىيان تۆلىمى تەلەپ قىلىشىنىڭ قانۇن ئاساسى يوق ، دېدى .

بۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش جېڭى بارغانچە كەسكىنلەشتى ، كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزى كۆپەيدى ، هەر ئىككىيلەنگە بولغان روھىي بېسىم بارغانچە زورايدى . چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك ، مۇنداق قەيىن ئەھۋالدا ، بۇ سەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋاڭ شيوجۈەن بوشاپ قالدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى چېن خوجايىنمۇ قورقتى ، شۇڭا بۇ مەسىلىنى سوت سىرتىدا مۇرەسسەلىشىشنى تەلەپ قىلدى . بىر نەچچە كۆنلۈك سۆھبەت ـ مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىر ياڭ جۇن يول قويدى . ۋاڭ شيوجۈەن يۈز مىڭ يۈەن روھىي زىيان تۆلىمى تۆلەشكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن ، ئىككىيلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلدى . 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىككىيلەن توختامغا قول قويدى ، بىللە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى ئالدى .

يۈز مىڭ يۈەنلىك چەكنى قولىغا ئالغان ياڭ جۇن ئازاب ئىچىدە قاتتىق يىغلىۋەتتى : «مۇۋەققەت ئەر» بولۇشنىڭ خورلۇقى ئۈچۈن ، دەۋادا ئۇتقان ، ئەمما مۇهەببەتتە يېڭىلگەنلىكتەك پاجىئەسى ئۈچۈن ئازابلاندى ! ئۇ مۇنداق دېدى : «مەن ۋاڭ شيوجۈەننى راستتىنلا ياخشى كۆرىمەن ، سۆيىمەن ، ئەمما ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ئالدايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسانىي غورۇرىنى دەپسەندە قىلىپ ، باشقىلارغا ئىككىنچى خوتۇن بولۇپ ، مېنىڭ مۇھەببەت ۋە بەختىمنى خاراب قىلىدۇ ؟ بۇ يۈز مىڭ يۈەن مېنىڭ يارىلىنىپ قان تامچىلاۋاتقان يۈرىكىمگە شىپا بولالامدۇ ؟» .

4 ـ دېكابىر ، ۋاڭ شيوجۈەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئوغلىنى ئېلىپ شېنجېنغا قايتىشقا تەييارلىق قىلدى . ئەمەلىيەتتە ئەر ـ خوتۇن بولمىسىمۇ ، ئەمما ياڭ جۇن ۋاڭ شيوجۈەندىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ، شەهەردىكى كاتتا رېستوراندا بىر شىرەلىك زىياپەت تەييارلاپ ، خۇددى يېقىن دوستىنى ئۇزاتقاندەك ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ ھەدەپ ۋاڭ شيوجۈەننىڭ تەخسىسىگە ھەر خىل قورۇما سالاتتى . ۋاڭ شيوجۈەننىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلغانىدى ، كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى ئاخىر ئۇ يېقىملىق ئاۋازدا يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى :

— مەن ئەمەلىيەتتە سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن . مۇشۇ بىر يىل جەريانىدا مەن ئائىلە بەختىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولدۇم . مېنىڭ بۇ ھالغا كېلىشىم ئۆزۈمنىڭ شورى . مېنى كەچۈرۈڭ ، ياڭ جۇن ئاكا !

ياڭ جۇن ئانا ـ بالىنى ئۇزىتىپ ، پويىز قوزغالغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خىرەلەشتى ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى . ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ يولنى قانداق مېڭىشىنى بىلمەيتتى . ئاشۇ يۈز مىڭ يۈەن قانداقمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يۇيىۋېتەلىسۇن ؟ قانداقمۇ ۋاڭ شيوجۈەن قالدۇرغان ھەسرەتنى تۈگىتەلىسۇن ؟ !

**ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى**

# ئېمتاس تاغ جىلغىسى



پەي جىنجۇن

1

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە لى گۋاڭخەي بىلەن شى مېيلىڭ مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ، قۇردىن تېغىغا كەلدى. تاغ جىلغىسىغا بارىدىغان تۈزۈكرەك يول بولمىغاچقا، ئۇلار ئىشەك هارۋىسىدىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ يولىدا تولىمۇ ئاستا سۈرئەتتە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قۇردىن تېغى جىلغىسى بۈگۈنگە قەدەر ئەسلىدىكى هالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي جىلغا ئىدى. قۇردىن دەرياسى جىلغىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى، يايلاقلار بىلەن ئورمانلىقلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان قۇردىن يايلىقى ئات ـ كالىلارنىڭ جەننىتى هېسابلىنىدىغان تولىمۇ گۈزەل جاي ئىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى، بەزى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ تاغ جىلغىسىغا كىرىپ ـ چىقىدىغانلار تولىمۇ ئاز ئىدى، لېكىن يېقىنقى يىللاردا بەزى شەهەرلىكلەرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ساياهەت قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى.

لى گۋاڭخەي بىلەن شى مېيلىڭنى بۇ يەرگە ساياهەت قىلغىلى كېتىۋاتىدۇ دېگىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتونلۇق مۇناسىۋىتىدە ئېغىر كىرىزىس كۆرۈلگەنىدى. ئەينى چاغدا ئۇلار مۇشۇ يەردە قايتا تەربىيە ئېلىۋېتىپ مۇهەببەتلەشكەن، ئۈچ يىللىق جاپالىق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ مۇهەببىتىنى سىناقلاردىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلارنىڭ 20 يىلغا يېقىنلاشقان نىكاه تۇرمۇشىدا خېلى ئۇزۇنغا قەدەر هېچقانداق ئېغىز ـ پەسىلىك كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى ئىككى يىلدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە تۇرمۇشىدا كىرىزىس كۆرۈلدى، ئوغلى ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. شى مېيلىڭغا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ هە دېسىلا هازازۇللۇق قىلىپ ئېرىنى هاقارەتلەيتتى، ئۇنىڭغا قاتتىق تېگەتتى، ئائىلىنىڭ بارلىق پۇل ـ مېلىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، هەتتا ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىن بەرگەن ئۆيىنىمۇ بىر ئاماللار بىلەن ئۆز نامىغا ئۆزگەرتىۋېلىپ، ئېرىنى بىر تىيىنغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن ئەر بولغۇچى لى گۋاڭخەي خىزمەتتە هېچقانداق نەتىجە قازىنالمىدى، جەمئىيەتتىمۇ هېچقانداق ئورۇن ـ مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىدى. شى مېيلىڭ ئېرىنىڭ ئۆزىدىن باشقا هەرقانداق بىر ئايال زاتى بىلەن ئۇچرىشىشىنى قاتتىق چەكلەيتتى. بىچارە ئەر كۈن بويى زۇۋان سۈرمەي سۇلغۇن يۈرىدىغان، ۋاقىتتىكىدەكلا خوتۇنى ئالدىدا

سۆكۈت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئاتاقتىلا ئەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ خوتۇنىدىن سىرتتىن ئاشنا تېپىۋالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى ـ يۇ، بۇنىڭغا ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات يوق ئىدى. بۇ ئىشقا ھېچكىممۇ ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى شۇ تەرىقىدە چەك ـ چېكىدىن يېرىلىپ كېتەۋاتاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە كەلگەندە، لى گۇاڭخەي ئاخىر دۇدۇقلاپ دېگۈدەك زۇۋان ئاچتى:

ــ قۇردىن تېخى جىلغىسىغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن ئارام ئالغاچ ئوبدانراق مۇڭدىشىپ كېلەيلى.

شى مېيلىڭ ئېرىنىڭ تەلپىگە، توغرىراقىنى ئېيتقاندا ئۆتۈنۈشىگە قوشۇلدى.

كەچ سائەت 10 دىن ئاشقاندا، ئۇلار ئىشەك ھارۋىسى بىلەن قۇردىن يايلىقىدىكى بىر قازاقنىڭ كىگىز ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۆيدىن يېشى 60 لاردىن ئاشقان گۆلشات ئىسىملىك قازاق موماي چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرسىنىڭ تىلىنى تۈزۈك بىلمىگەچكە، لى گۇاڭخەي ئۇنىڭغا ئۇزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالىدىغانلىقىنى خېلى تەستە بىلدۈرگەن بولدى. موماي ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن چېغى، ئېلېكتر چىرىغىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنى تاغ باغرىدىكى بىر ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. شەرققە قارىتىپ ئىشىك ئېچىلغان بۇ ئۆي ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، كارىدوردا يايلاق بىلەن تاغ باغرىغا چىققىلى بولىدىغان ئارقا ئىشىكىمۇ بار ئىدى. كىرگەندىكى 1 ـ ئېغىز ئۆيگە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان، قالغان ئىككى ئېغىزى بولسا ياتاق ئۆي ئىدى. ياتاقلارغا ئىككىدىن كونا كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ھەرھالدا پاكىزە دېگىلى بولاتتى، لېكىن ياتاقلىرىنىڭ ئىچى نەم ھەم سوغۇق ئىدى. ياتاقلاردا ئۇنىڭدىن باشقا بىردىن چايدان، ئىككىدىن ئىستاكان، كونىراپ ھالى قالمىغان بىردىن داس بار ئىدى. بۇ يەرلەرگە تېخى توك يېتىپ كەلمىگەن چېغى، كارىۋات يېنىدىكى قوپال تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە تال شام تۇراتتى. لى گۇاڭخەي بىلەن شى مېيلىڭ ئوتتۇرىدىكى ياتاق ئۆينى تاللىدى. شى مېيلىڭ قازاق مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە، بىر ئادەمگە كۈنىگە 20 يۈەندىن جەمئىي 200 يۈەن ياتاق پۇلى بىلەن 100 يۈەن تاماق پۇلىنى ئالدىن تاپشۇردى. بۇ ياغاچ ئۆيدە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم يوق بولۇپ، ياتاق مۇلازىمەتچىسىمۇ يوق ئىدى، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئۇلار قازاق مومايىنىڭ چېدىرىغا بارىدىغان گەپ ئىدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، لى گۇاڭخەي ئورنىدىن تۇرۇپ تەنھەرىكەت كىيىمىنى كىيگەندىن كېيىن، ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن يايلاققا چىقتى. ئۇ تولىمۇ يىراققا باردى، كەيپىياتى ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەينى چاغدىكى رومانتىك مۇھەببەت كارتىنىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە شۇ چاغدىكى بارلىق زىيالىي ياشلار ھەۋەس قىلىشقانىدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۆزىنى مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ يەنە پەرىدە ئىسىملىك قازاق قىزىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ساھىبجامال ئەينى چاغدا نۇرغۇن زىيالىي ياشنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتلىرىنى سالغانىدى. كېيىن ئۇ كېلىشكەن، باتۇر بىر قازاق يىگىتكە ياتلىق بولدى، ئۇنىڭ ھازىر قانداق تۇرۇۋاتقانلىقى لى گۇاڭخەيگە نامەلۇم ئىدى. ئۇ ئەسلىمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ رېئال ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش شى مېيلىڭ بىلەن تۈزۈكرەك سۆزلىشىپ، بۇ ئازابلىق نىكاھ تۇرمۇشىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە ئاخىرقى كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئىدى. ئۇ سائەت توققۇزدا ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. شى مېيلىڭ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان بولۇپ، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ گىرىم قىلىۋاتقانىدى. ئۇزايىدىن كەيپىياتى ناھايىتى ياخشىدەك، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

لى گۇاڭخەي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ گەپ باشلىدى:

ــ بىز ئەمدى ئوبدانراق سۆزلىشىپ باقساق بولىدۇ.

ــ ھېلىقى قازاق قىزىنى تاپالىدىڭىزمۇ؟ ئۇ ھەقىچان بۇرۇنقىدەكلا چىرايلىق تۇرغاندۇ!

مېنىڭچە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ ، بۇنداق گۈزەل ، تىنچ جايدا ئۇ جەزبدارلىشىپ كەتسە كېتىدۇكى ، ھەرگىزمۇ قېرىپ كەتمەيدۇ ، — مېيلىڭىنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلسىمۇ ، لېكىن چىرايى ئىپادىسى ناھايىتى نورمال ئىدى .

— ئۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلمىسىڭىز قانداق ، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا كېلەيلى .

— ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ؟ — شى مېيلىڭىنىڭ چىرايى شۇئان ئۆزگەردى . كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى لى گۇاڭخەيگە بەش قولدەك ئايانىدى .

دەرۋەقە ، شى مېيلىڭ تۇتۇلۇپلا كەتتى :

— تۈنۈگۈن تاغقا كىرگەن چاغدىلا كۆڭلۈڭنىڭ باشقا ياققا بۇرالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم . بۈگۈن يەنە ئىت پوق يىمەستە ئىككى سائەت يوقالدىڭ . شەھەردە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭ يەتمىگەندەك ، تاغقا كەپمۇ سۈيدۈك پۇراپ يۈرۈپسەن . ئېيتىپ باقە ، سېنىڭ زادى قانچە ئاشناڭ بار ؟

لى گۇاڭخەي ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا گەپ قايتۇرمىدى . كەيپىياتى بىر ئاز پەسەيگەندىن كېيىن ، سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى :

— بۇنداق كېتىۋەرمەيلى ، يەنىلا ئاجرىشىپ كېتەيلى !

— قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئاڭلا ، ئەگەر ئاجرىشىش توغرا كەلسە ، سەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئاجرىشايلى ، — شى مېيلىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى . ئىككىسىنىڭ سۆھبىتى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى . شۇ كۈنى ئۇلار توپ ـ توغرا بىر كۈن ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى . يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىشتى . بىر ـ بىرىگە لام ـ جىم دېيىشمەي ئۇخلاپ قېلىشتى . ئەتىسى ، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى لى گۇاڭخەي يەنە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئىككى سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئايلىنىپ ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆيدە بىنورمال ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىدى . ياتاقتا شى مېيلىڭ كۆرۈنمەيتتى ، ئۇنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرى رەتلىك يىغىلغان بولسىمۇ ، لېكىن چامادانى بىلەن باشقا نەرسە كېرەكلىرى يوق تۇراتتى . لى گۇاڭخەينىڭ كارىۋىتى ئۈڭتەي ـ تۆڭتەي قىلىۋېتىلگەن بولۇپ ، چامادانى بىلەن كىيىم ـ كېچەكلىرى جايى ـ جايىدا تۇراتتى ، ئەمما بىر دانە ياستۇق لۆڭگىسى كۆرۈنمەيتتى . كارىدوردىكى ئارقا ئىشىك داغدام ئېچىۋېتىلگەنىدى . لى گۇاڭخەي ئىشىكتىن سىرتقا چىقتى ، ئەمما ئايالىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

ئۇ گەپ قىلمايلا كېتىپ قالغانمىدۇ ؟ يايلاققا ئايلىنىپ كەلگىلى كەتكەنمىدۇ ـ يە ؟ بەلكىم قازاق مومايىنىڭ چېدىرىغا تاماق يېگىلى كەتكەندۇ ! ئۇنداقتا نېمە دەپ چامادانىنى ئېلىپ كېتىدۇ ؟ ئۇ شەھەرگىمۇ قايتىپ كەتمەس ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۆزىنىڭ پەرىدە بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ . ئۇنداقتا ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ ئاشنىسى كەينىمىزدىن بىللە كەلگەن بولسا ، ئۇنى ئېلىپ قاچقانمىدۇ ؟ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى چوقۇم تېپىش كېرەك ؟

لى گۇاڭخەي گۈلشات مومايىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ سورىدى :

— موما ، ئايالىمنى كۆردىڭىزمۇ ؟

موماي بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى :

— ئايالىڭىزنى ؟ كۆرمىدىم .

— بۈگۈن ئەتىگەن ئايالىم سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىمۇ دەپ سوراۋاتىمەن .

— ئايالىڭىز يا بۇ تاغ جىلغىسىغا كەلمىسە ، مېنىڭ يېنىمدا نېمە ئىش قىلسۇن ؟ — موماي ھەيرانلىق نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى .

مومايىنىڭ گېپىدىن لى گۇاڭخەيمۇ ھەيران قالدى :

— نېمە ؟ ئايالىمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم دېمەكچىمۇ سىز ؟ ئۈلۈشكۈن كەچتە ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى ئاۋۇ ياقتىكى ياغاچ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئەمەسمىدىڭىز ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىككى كۈندىن بېرى سىزنىڭ يېنىڭىزدا غىزالىنىۋاتىمىز ، قانداقسىگە ئايالىمنى كۆرمەي

قالمىسىز ؟

— مېنىڭ ياغاچ ئۆيۈمدە ئۆزىڭىز يالغۇز يېتىۋاتقان تۇرسىڭىز ، ئەمەلىيەتتە قانداقسىگە ئايالىڭىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ ؟ نېمانداق ئادەمنى قورقىتىسىز !

— بۇ زادى قانداق گەپ ؟ ئىككى كۈندىن بېرى ئايالىم بىلەن بىللە تۇرىۋاتسام ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىزنىڭ چېدىرىڭىزغا كېلىپ تۆت قېتىم غىزالاندۇق ، ئەجەبا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ ؟

— ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز يېتىپ - قوپۇۋاتقىنىڭىز شۇنداق ئېنىق تۇرسا ، قانداقسىگە بىر ئادەم ئىككى ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ ؟ بۇ يەردە تۇرغىنىڭىز كەلمىگەن بولسا ، شەھەرگە قايتىپ كېتىۋېرىڭ ، — مومايمۇ چېچىلغان ھالدا چېدىردىن چىقىپ ، لى گۇاڭخېيگە پەرۋاسىز قىلىپ قويماستىن ، بىر ئىنەكنى سېغىشقا باشلىدى .

— نېمە دېگەن غەلىتە ئىش بۇ ؟ لى گۇاڭخېي بۇنىڭدا چوقۇم بىر مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلىپ ، ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كەلدى . تۇيۇقسىز شى مېيلىڭنىڭ يانفونىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىۋىدى ، تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى . تەكرار تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ چىقتى . ئەمەلىيەتتە يانفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىشتىن ئۈمىد قالمىغانىدى . لى گۇاڭخېي تاغ جىلغىسىغا كىرىپ ئايالىنى ئىزدەپ باقماقچى بولدى .

2

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگە كەلگەندە ، لى گۇاڭخېي ئايالىنىڭ ھەقىقەتەن غايىب بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى . ئۇ دەرھال خوا گېڭنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بۇيانقى غەلىتە كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى . خوا گېڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، سوغۇققانلىق بىلەن لام - جىم دېمەستىن چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىدى . خوا گېڭ ھەر قېتىم بۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا ئەزەلدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئاچمايتتى . لى گۇاڭخېي بىلەن جۇڭ پىڭ سۆھبەتلەشتى :

— سوئاللىرىمغا راست جاۋاب بېرىڭ ، سىزنىڭ ئاشنىڭىز بارمۇ ؟ بۇ سىزنىڭ شەخسىي ئىشىڭىز ، بىز سىرىڭىزنى ساقلاشقا چوقۇم كېپىللىك قىلىمىز .

— مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىز ساۋاقدىشىم بىلەن مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى ، دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرىمىز ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس .

— ھېلىقى قازاق قىزچاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز قانداق مۇناسىۋەت ؟

— قايتا تەربىيىگە چۈشكەن تۇنجى يىلى ئۇنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپقاندىم . ئۇ ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى ، ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ، مەنمۇ



ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم . لېكىن ، ئوتتۇرىمىزدىكىسى ئەڭ پاك ئاكا ـ سىڭىللىق مۇناسىۋەت ئىدى . ئەينى چاغدا قايتا تەربىيىگە چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىز زىيالىي ياشلارنى بەكلا ئاسرايتتى . بۇ قېتىم تاغ جىلغىسىغا بارغىنىمدا ئۇلارنى بەكلا كۆرگۈم كەلدى ، لېكىن ئايالىم قاتتىق پايلاپ تۇرۇۋالغاچقا ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامال بولمىدى .

—سىز ئايالىڭىزغا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتتىڭىز شۇنداقمۇ ؟

—شۇنداق ، ھېچ بولمىغاندا ، يېقىنقى ئىككى يىلدا شۇنداق بولدى . ئۇ خۇددى ئىتقىلا ئوخشاپ قالدى ، مېنى ھەر كۈنى چىشلىۋالمىسا تۇرالمايدۇ ، مېنىڭ راستىنلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەر قانچە ئۆچ بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەيمەندە !

—شى مېيلىڭنىڭ ئاشنىسى بارمۇ ؟

—ئۇنىڭ چوقۇم ئاشنىسى بار . ئۇنداق بولمىغان بولسا ، ماڭا ھەرگىز بۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى .

—سىزنىڭچە ، ئۇنىڭ ئاشنىسى كىمدۇ ؟

—ۋاڭ ياڭ بولۇشى مۇمكىن ، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ، لېكىن مەندە ئۇلارنىڭ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل ـ ئىسپات يوق .

—ئايالىڭىز نېمىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى ؟

—بىر يۈرۈش كىيىم ، بىر جۈپ ساياھەت ئايىغى ، گىرىم بۇيۇملىرى ۋە كىچىك تىپتىكى سىڭدۈرۈلگەن سىنالغۇ بىلەن سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى سېلىنغان بىر چامادان ئېلىۋالغان . مېنىڭ ئايالىم ھازىرقى زامان ئىستېمال ئېڭىغا ئىگە ئايال ، كىيىم ـ كېچەك ۋە دائىم ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك ، داڭلىق ماركىلىق ، قىممەت باھالىق تاۋارلارنى ئىستېمال قىلىدۇ ، قولىدىكى شىۋېتسارىيىنىڭ سائىتىلا نەچچە مىڭ يۇەنگە يارايدۇ ، بويىنىدىكى زەنجىرى بىلەن ئىككى تال ئۈزۈكىنىڭ قىممىتىمۇ يەتتە ـ سەككىز مىڭ يۇەنگە يېتىدۇ ، يانفون ئىشلىتىدۇ . يېنىغا قانچىلىك نەق پۇل سېلىپ يۈرىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم ، ئۇنىڭ پورتمالىدىن بىر نەچچە بانكىنىڭ كرېدىت كارتىلىرى ئايرىلمايدۇ ، كارتىلىرىنىڭ ھەممىسىدە پۇل بار .

—ئۆيىڭىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، پۇل چېكى دېگەندەك بىر نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىڭىزمۇ ؟

—پۇل چېكى ، ئۆي ـ مۈلۈك گۇۋاھنامىسى ، زايوم ، سۇغۇرتا تالونى دېگەندەكلەرنى ھېچقاچان كۆرۈپ باققىنىم يوق ، ئۇنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى نەگە تىقىپ قويىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ ، ئۇ بۇنداق مۇھىم نەرسىلەرنى ئۆيگە قويۇپ قويمايدۇ ، مەن ھەتتا نوپۇس دەپتىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم .

—سىز ئېيتقان بۇ ئەھۋاللار پەقەت ئايالىڭىزنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . سىز قايتىپ كېتىپ ئايالىڭىزنى ئىزدەپ بېقىڭ . بىز سىزگە ئايالىڭىزنى ئىزدىشىپ بېرىمىز .

خۇا گېڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇردى ، لى گۇاڭخەي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلۇشىغا ، خۇا گېڭ تۇيۇقسىز زۇۋان سۈرۈپ قالدى :

—ئايالىڭىز ئاشۇ ئىككى كۈندە قانداق كىيىم كىيگەن ؟

—«قەيسەر» ماركىلىق قىزىل يوپكا ـ كاستيۇم كىيگەن .

—كارىدورنىڭ ئارقا ئىشىكى قانچىلىك كەڭلىكتە .

—تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر كېلەر .

—ئەمدى قايتىسىڭىز بولىدۇ .

جۇڭ پىڭ خۇا گېڭ سورىغان بۇ سوئاللارنىڭ نېمىگە ئەسقاتىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى .

### 3

لى گۇاڭخەي كەتكەندىن كېيىن ، جۇڭ پىڭ خۇا گېڭدىن سورىدى :

—بۇرادەر ، بۇ دېلو ھەققىدە قانداق ئويلاۋاتىسىز ؟

—بۇ دېلو ناھايىتى قىزىقكەن ، دېلودىكى بەزى چۈشىنىكسىز ئىشلار ئادەمنى تولىمۇ جەلپ

قىلىدىكەن .

—ھەقىقەتەن شۇنداق ، بىز تېخى بۇ دېلوغا رەسمىي كىرىشمىگەن بولساقمۇ ، لېكىن مېنىڭچە بەزى روشەن شەپىلەرنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ .

جۇڭ پىڭنىڭ دېلو پاش قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەردەك ، كۆڭلىدە سان باردەك تەلەپپۇزدا قىلغان بۇ سۆزلىرىگە خۋا گېڭ كۈلۈپلا قويدى . جۇڭ پىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

—بىرىنچى خىل ئېھتىماللىق شۇكى ، شى مېيلىڭ راستىنلا غايىب بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئىككىنچى خىل ئېھتىماللىق شى مېيلىڭ ئاشنىسى بىلەن بىللە قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . شى مېيلىڭنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قەتئىي ئۇنىماي تۇرۇۋېلىشى ھىيلە – مىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئۇنىڭ لى گۋاڭخەي بىلەن بىللە تاغ جىلغىسىغا بېرىشقا ماقۇل بولغانلىقى لى گۋاڭخەينى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ، ئاندىن غەيپىدە تىكىۋېتىش ئۈچۈن . ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ ، ئائىلىنىڭ بارلىق مال – مۈلكىنى ئوغرىلىقچە يۆتكەپ بولغان . مەن ھەتتا ئۇنى ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىمۇ سېتىۋېتىپ ، مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى ۋاقتىنچە ئاشكارىلىماي تۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن . ئەمدىلىكتە شارائىت پىشىپ يېتىلدى . ئۇلار قېچىپ كەتكەنلا بولسا ، ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقىدۇ . تاغ جىلغىسىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ، ئۇ ئاشنىسى بىلەن كېلىشىۋېلىپ ، 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ئاشنىسى ئاتلىق كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇ لى گۋاڭخەينىڭ ئەتىگەندە سىرتقا چېنىققىلى چىقىدىغان ئادىتىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا ، بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئوڭايلا پۈتتۈرگەن . لى گۋاڭخەي 5 – ئاينىڭ 2 – كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ، شى مېيلىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئورۇن – كۆرپىلەرنى يىغىۋەتكەندىن كېيىن ، چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئارقا ئىشىكتىن غەيپىدە چىقىپ كەتكەن ، مومايىنىڭ چېدىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تاغ جىلغىسىغا قاراپ ماڭغان . ئۇنىڭ ئاشنىسى ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولغاچقا ، ئۇ شى مېيلىڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئاتقا مىنگەشتۈرگەندىن كېيىن بەدەر تىكىۋەتكەن . بۇ چاغدا گۈلشات موماي تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان بولۇپ ، ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇ بىر جۈپ ئاشىق – مەشۇقلار تاغ جىلغىسىدىن چىقىپ بولغان . ئۇلارنىڭ قەيەرگە قېچىپ كەتكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك ، بۇنىڭغا تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر نەرسە دېگىلى بولىدۇ . ئۈچىنچى خىل ئېھتىماللىق شۇكى ، گۈلشات موماي باشقا بىرسى بىلەن شېرىكلىشىپ شى مېيلىڭنى ئۆلتۈرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن . بۇ دېلودا گۈلشات موماي شى مېيلىڭنى ئوبدان بىلىدىغان ھەمدە بىۋاسىتە كۈتۈۋاتقان تۇرۇقلۇق ، يالغاندىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان . گۈلشات موماي ئوتتۇرىدا باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن ، يالغان گەپ قىلسامۇ ھېچكىم گۇۋاھچى بولالمايدۇ ، دەپ ئويلىغان . گۈلشات موماي شېرىكى بىلەن بىرلىكتە شى مېيلىڭنىڭ گېلىنى ياستۇق لۆڭگىسىدە بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، نەق مەيداننى تازىلىۋېتىپ ، ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلغان . ئاندىن جەسەتنى يودۇپ مەلۇم جايغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەردە بۇ ئۆيدە پەقەت بىرلا ئادەم يېتىپ قوپقان دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان ، لى گۋاڭخەي ساقچىلارغا بۇ ئىشلارنى مەلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنى قايىل قىلغۇدەك پاكىتلىرىم بار دەپ چوت سوققان . تۆتىنچى خىل ئېھتىماللىقمۇ بار ، لى گۋاڭخەي بەلكىم يالغان ئېيتقان بولۇشى ، خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل – كېسىل ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، شى مېيلىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ قاتىللىق ئىشىنىڭ ھامان ئاشكارىلانماي قالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ، خوتۇنىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، بەزى تەپسىلاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، ئويۇن كۆرسىتىپ بىزنى قايمۇقتۇرماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن .

خۋا گېڭ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى :

—بۇ تەھلىللىرىڭىزنىڭ ناھايىتى داۋلىسى بار ئىكەن . لېكىن ، تەھلىل دېگەن ھامان تەھلىل . لى گۋاڭخەي تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىز ھېچقانداق بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەپ ياكى كۆرۈپ باقمىدۇق . شۇڭا ، ھازىرقى



ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە دەرھال بەزى زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرگە كىرىشىشتىن ئىبارەت ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىلا ، ئاندىن دېلونىڭ ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، رازۋېدكا يۆنىلىشىنى بېكىتكىلى بولىدۇ .

4

ۋاڭ ياڭ ، 46 ياش ، شەھەرلىك كۆتۈپخانىدا ئىشلەيدۇ . شى مېيلىڭنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى . ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن دوستلىرى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى نورمال ئەمەس ، دائىم مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ ، دەپ قارايدۇ . 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان ئۈچ كۈچ ئىچىدە ئىككىسى تېلېفوندا يەتتە قېتىم ئالاقىلاشقان ، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىر قېتىم ، 30 - كۈنى ئىككى قېتىم ، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۆت قېتىم ئالاقىلاشقان ، بۇ تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىنى شى مېيلىڭ بەرگەن بولۇپ ، ھەر قېتىملىق سۆزلىشىش ۋاقتى بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمىگەن . 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچ سائەت 11 دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەن . ئۇلار تېلېفوندا يەتتە قېتىم كۆرۈشكەندە لى گۇاڭخەي نەق مەيداندا يوق ئىدى ، يەنى شى مېيلىڭ ھەر قېتىم ۋاڭ ياڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ، بىر ئاماللارنى قىلىپ لى گۇاڭخەيدىن ئۆزىنى چەتكە تارتقانىدى . 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچ سائەت 11 دىن ئاشقاندا ، لى گۇاڭخەي يېتىپ بولغان بولۇپ ، شى مېيلىڭ ھاجەتكە چىقىپ كىرەي دەپ چىقىپ كېتىپ ، 10 مىنۇت بولمايلا قايتىپ كىرگەنىدى . دېمەك ، مۇشۇ ۋاقىتنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تېلېفوندا كۆرۈشكەن ۋاقتى دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى .

ۋاڭ ياڭ شى مېيلىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ، لېكىن بۇنىڭ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى نورمال دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ، شى مېيلىڭ بىلەن دائىم تېلېفوندا كۆرۈشۈپ ، خىزمەت ، تۇرمۇش ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ، بۇلارنىڭ ناھايىتى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى . 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نېمە ئىش قىلىنغانلىقى

سورالغاندا ، ۋاڭ ياڭ بىردەم دوستلىرىم بىلەن هاراق ئىچتىم دەپ ، يەنە بىردەم خىزمەتداشلىرىم بىلەن ماجياڭ ئوينىدىم دەپ تاقا ـ تۇقا جاۋاب بەردى . كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، ۋاڭ ياڭنىڭ يالغان ئېيتقانلىقى ئىسپاتلاندى . ئۇنىڭ ئايالى جاڭ پىڭ 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ۋاڭ ياڭنى كۆرمىگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 لاردا ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئىدارىدا نۆۋەتچىلىك قىلدىم دېگەنلىكىنى ئېيتتى . تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ، ۋاڭ ياڭنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىدارىگە بېرىپ باقمىغانلىقى مەلۇم بولدى . ۋاڭ ياڭ ئۆزىنىڭ شۇ كۈنى يالغۇز دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپ ، كەچتە ئۆيگە قايتماي ، دەريا بويىدىكى كەپىدە تۈنىگەنلىكىنى ، 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنى يەر ئاستى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ ، ئۆيگە چىققاندىن كېيىن ، ئايالىغا ئىدارىدا نۆۋەتچىلىك قىلدىم دەپ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتتى . تەكشۈرۈش داۋامىدا ، ۋاڭ ياڭنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزى يالغۇز بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ، يەر ئاستى ئۆيىدە بىر يۈرۈش بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى بارلىقى ، شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىدىمۇ راستىنلا بىر نەچچە ئېغىز ئەبجەق كەپە بارلىقى ئايان بولدى . لېكىن ، ئۇنىڭ شۇ كۈنى ھەقىقەتەن دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنى ئېنىقلىغىلى بولمىدى . ئۇ شۇ كۈنى چېن لى دېگەن بىر ئايال بىلەن تېلېفوندا كۆپ قېتىم ئالاقىلاشقان بولسىمۇ ، لېكىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۇزۇكرەك يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولمىدى . چېن لى ئىسىملىك بۇ تۇل خوتۇن 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىمۇ ئىسپاتلاپ چىققىلى بولمىدى . قارىغاندا ، چېن لىدا بەزى گۇمانلىق نۇقتىلار باردەك ، ئۇنىڭ ۋاڭ ياڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەستەك قىلاتتى .

شى مېيلىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شى مېيلىڭنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئاشنا تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ تەھلىل قىلىشتى . لى گۇاڭخېيىنىڭ ھەقىقەتەن ئاشنىسى يوق ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا گۇمانلىق ئالامەتلەرمۇ بايقالمىدى . جۇڭ پىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى . ئۇ بارلىق گۇمانلار ۋاڭ ياڭغا مەركەزلىشىپ بولدى . شى مېيلىڭ بىلەن ۋاڭ ياڭ ھەرگىزمۇ بىرلىكتە قېچىپ كەتكەن ئەمەس ، ۋاڭ ياڭ ھەم شى مېيلىڭ بىلەن ھەم چېن لى بىلەن ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ، ۋاڭ ياڭنىڭ چېن لىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن ، چېن لى ۋاڭ ياڭنىڭ شى مېيلىڭ بىلەنمۇ ئاشنا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ ، ۋاڭ ياڭنى ئۇنىڭ بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشكە قىستىغان . نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ۋاڭ ياڭ بىلەن چېن لى بىرلىشىپ شى مېيلىڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ۋاڭ ياڭ شى مېيلىڭغا بىللە قېچىپ كېتىمىز دەپ يالغان ئېيتىپ قويۇپ ، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان . شى مېيلىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر قالغان . ۋاڭ ياڭ 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شى مېيلىڭنى قوردىن تاغ جىلغىسىدىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ قارىدى .

خۇا گېڭ سافاغا قىڭغايغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ، چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى . خۇا گېڭ ھەر قېتىم مۇشۇ ئەبجەق سافادا قىڭغىيىپ ياتقىنىدا ، ئۇنىڭ كاللىسى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ لام ـ جىم دېمەي تۇرۇۋېلىشى بولسا ، جۇڭ پىڭنىڭ كۆز قارىشىنى قوللىمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

جۇڭ پىڭ خۇا گېڭدىن سورىدى :

ــ ھازىر ۋاڭ ياڭنى تۇتساق بولامدۇ ؟

خۇا گېڭ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، كىيىم جاھازىسىدىن ئاق رەڭلىك پەلتوسىنى ئېلىپ مۈرىسىگە ئارتتى .

ــ بۇ ...بىر يەرگە چىقامسىز ؟ نەگە بارىسىز ؟ ــ جۇڭ پىڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى .

ــ جۇڭ پىڭ بۇرادەر ، بۇ دېلودا ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن . مېنىڭچە باشتىن تارتىپ تەكشۈرمىسەك بولمىغىدەك .

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

**قاھار ئوسمان تەرجىمىسى**

# قاراقاش ناھىيىسىدە قانۇنسىز خىمىيىۋى ئوغۇت تىجارىتىگە زەربە بېرىلدى

قاراقاش ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان خىمىيىۋى ئوغۇت بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى .

نەتىجىدە ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىدارە قانۇنسىز خىمىيىۋى ئوغۇت تىجارىتى قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا توققۇز دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلدى ، بۇ دېلولار ئىچىدە ئا× × نىڭ سۈپەتسىز خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىش قىلمىشىنى بىر تەرەپ قىلىش قارارى كەڭ ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى . ئا× × 48990 يۈەن قىممىتىدە توققۇز تونىنا لىڭسۇەن ئەرئەن ، 25 ـ 35 تونىنا لىڭسۇن يىئەن ئوغۇتىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرۈپ ساتماقچى بولغاندا ، شۇ ئەتراپتا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازارلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى كادىرلار بايقاپ قېلىپ ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئوغۇتلارنىڭ لاياقەتسىز خىمىيىۋى ئوغۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى . ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ قىلمىشنى «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ناچارنى ياخشى ، لايىقەتسىز مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك مەھسۇلات قىلىپ كۆرسىتىش قىلمىشى دەپ بېكىتىپ ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغان 48990 يۈەن قىممىتىدىكى توققۇز تونىنا لىڭسۇەن ئەرئەن ئوغۇتىنى ۋە 25 ـ 35 تونىنا لىڭسۇەن يىئەن ئوغۇتىنى مۇسادىرە قىلدى .

**ئازاتگۈل توختىمۇھەممەت**

قاراقاش ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى بازارلىق س س م ب پونكىتى بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ، باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى 1722 ئائىلىلىك يەككە تىجارەتچىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش قىلمىشىدىن 50 نى ئېنىقلاپ چىقىپ ، بۇلارنىڭ قانۇنسىز قىلمىشىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىشكە بۇيرۇپ ، ئاگاھلاندۇرۇش بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن تۆت ئائىلىلىك تىجارەتچىنى دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىپ 1000 يۈەن جەرىمانە قويدى .

**ئازاتگۈل**

(10 ـ سان)

يېقىندا پىچان ناھىيىلىك س س م ب ئىدارىسى ۋە سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ناھىيە تەۋەسىدىكى يېمەكلىكلەر بازىرىنى تەكشۈرۈپ ، 26 مىڭ 480 يۈەن قىممىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن يېمەكلىكنى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىپ ، بازارنى ساپلاشتۇردى .

**كېرەم روزى**

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يېقىندا داغدۇغىلىق تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككى دەرىجىلىك سوت سىستېمىسى بويىچە باھالاپ چىقىلغان «10 ياخشى سودىيە» نى تەقدىرلىدى .



سۈرەتتە : تەقدىرلەش مەيدانىدىن كۆرۈنۈش .

**مامۇت بارات فوتوسى**







ئاتۇش شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئۇستۇن ئاتۇش ساقچىخانىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان تۇرلۇك كەسپىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە كادىر ـ ساقچىلارنى «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ ، ئوبراز تىكلەش خىزمىتىدە ياخشى ئىجتىمائىي ئۇنۇم ھاسىل قىلدى .

سۈرەتتە : كادىر ـ ساقچىلار «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگەنمەكتە .

**ئابدۇساتتار ئابدۇرېھىم** فوتوسى

جازا ئۆتەۋاتقان ئايال جىنايەتچىلەرنىڭ ئاكتىپ ئۆزگىرىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار تۈرمىسىدە ھەقىقەتەن تۆۋە قىلىپ ئۆزگىرىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسىدە بولغان 55 ئايال جىنايەتچىنىڭ جازا مۇددىتىنى كېمەيتىش ۋە شەرتلىك قويۇپ بېرىش قارارىنى ئېلان قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىش ۋە تۆۋە قىلىش ئىپادىسىدە بولغان تۆت ئايال جىنايەتچىنى نەق مەيداندا قويۇپ بەردى .



سۈرەتتە : نەق مەيداندا قويۇپ بېرىلىدىغانلارغا قويۇپ بېرىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلمەكتە .

**ماموت بارات** فوتوسى

## قىزىلسۇ ئوبلاستىدا قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى


ھەرمىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئېڭىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 94 ئورۇن بىلەن قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ، قانۇن ئارقىلىق تۈزەش خىزمىتى مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» مەزمۇنىدىكى تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 40 مىڭ پارچە ، تەشۋىقات ۋەرەقىدىن ئالتە مىڭ پارچە باستۇرۇپ ، ھەرقايسى ئورۇن ۋە دېھقان ، چارۋىچىلارغا تارقىتىپ بەردى . ھازىرغا قەدەر پۈتۈن ئوبلاست بويىچە «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ، «مەمۇرى دەۋا قانۇنى» ، «نىكاھ قانۇنى» غا دائىر قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسى 15 مەيدان (قېتىم) قانات يايدۇرۇلدى ، تەربىيىگە ئېرىشكۈچىلەر 8000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى . شۇنىڭغا ئاساسەن ، ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ ، يامان ئىش ، يامان ئادەملەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ پاش قىلدى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى يەرلىك پارتىيە تەشكىلى ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خادىملىرىنى جەمئىي 20 گە يېقىن قانۇنغا خىلاپ جىنايەت يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ ، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ مۇقىم قانات يايدۇرۇلىشىغا يېقىندىن ماسلاشتى .

**غەيرەت ئابلىمىت**

# كالىي سىئانىد ئارقىلىق قاتىللىق قىلىش دېلوسى (1)

مەلۇم شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ئۆز ئۆيىدىكى ساپادا ياتقان پېتى جان ئۈزگەنىدى . شىرە ئۈستىدىكى رومكىدا قالغان ھاراق تەركىبىدە كالىي سىئانىد بار بولۇپ ، قارىماققا ئۆزى ئۆلۈۋالغاندەك قىلاتتى . ساقچىلار دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېزلىكتە نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ، تارتىلىق ئۆيىدىن كالىي سىئانىد قاچىلايدىغان سۇلياۋ خالتىنى تاپتى ـ دە ، ئۇنى





ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ قويدى .

باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق ، باش دىرېكتورنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى . جىنايەتچى كالىي سىئانىد بىلەن باش دىرېكتورنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزى ئۆلۈۋالغانلىق نەق مەيدانىنى ياساپ چىققان ، بۇنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى كالىي سىئانىد قاچىلايدىغان سۇلياۋ خالتا .

نېمە ئۈچۈن ؟

# كالىي سىئانىد ئارقىلىق قاتىللىق قىلىش دېلوسى (2)

مەلۇم بىر ئايال ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ كالىي سىئانىد بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئايان بولدى . ئەمما ، جەسەت تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇنىڭغا كالىي سىئانىد ئىچكۈزۈلمىگەنلىكىنى ھەمدە ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا كالىي سىئانىد قالدۇقى يوق ئىدى ھەمدە بەدىنىدە ئوكۇل ئىزىمۇ يوق ئىدى . ئۇنداقتا ، جىنايەتچى زادى قانداق ئۇسۇل بىلەن زەھەرلىگەندۇ ؟

بۇ دەل يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى بولۇپ ، ساقچىلار چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەنىدى . توساتتىن ساقچى باشلىقى ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستىدە يېگى ئىچ كىيىم بارلىقىنى بايقىدى ـ دە ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى يېقىندا ئېلىپ بەرگەنلىكىنى ، ئۆلگۈچىنىڭ كىيىۋالغىنىغا ئۇزاق بولمىغانلىقىنى بىلدى . بۇنى ئاڭلىغان تەجرىبىلىك ساقچى باشلىقى ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدى .



دەپ بېقىڭچۇ ، كالىي سىئانىد ئۆلگۈچىنىڭ تېنىگە قانداق كىرگەن ؟

ئەرلىك ساغلاملىقىنىڭ كۈۋرۈكى
ئائىللىق سۈپىتىنىڭ كاپالىتى
مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى

## بوغدا دوختۇرخانىسى

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەرلەر بۆلۈمى ، ئاياللار بۆلۈمى ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىنى ئاساس قىلغان ، ئۈرۈمچى ، قەشقەر ، ئاقسۇ شەھەرلىرىدە تارماق دوختۇرخانىلىرىنى تەسىس قىلغان زەنجىرسىمان شەكىلدىكى داۋالاش ئورگىنى .

بوغدا دوختۇرخانىسى ئەر ـ ئاياللاردىكى پەرزەنت كۆرەلمەسلىك ، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى ، مەزى بېزى ياللۇغى ، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى ، سۆزنەك ، سىبىلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش ۋە خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن سىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ .

بوغدا دوختۇرخانىسى بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى ، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ھەر قانداق بىمارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ . ھېيت ـ بايرام ، شەنبە ، يەكشەنبە ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىسمۇ ئادەتتىكىدەكلا كېسەل كۆرىدۇ . بوغدا دوختۇرخانىلىرى ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسى ، زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەلا داۋالاش مۇھىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنچىكە ، كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى مۇلازىمەت قىلىدۇ .

**ئۈرۈمچى بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 193 ـ نومۇر (قوشۇمچە ) ، 1 ـ ، 101 ـ ، 16 ـ يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ ، «يەنئەن» يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2850555 ـ 0991

**قەشقەر ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** قەشقەر شەھىرى «دەريا ساھىلى » يولى 1 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى گۈزەلنىڭ كۆۋرۈكى يېنىدا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2830555 ـ 0998

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بوغدا دوختۇرخانىسى :** ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي چوڭ كوچا 51 ـ نومۇرلۇق قورۇ ، يەنى شەھەرلىك تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئائىلىنا دوقمۇشتا . مەسلىھەت سوراش تېلېفونى : 2617755 ـ 0997

**بوغدا دوختۇرخانىسى— ئۆزىڭىزنىڭ دوختۇرخانىسى**

## «بىر سائەتتىن كېيىن يۈز بەرگەن قاتىللىق» نىڭ جاۋابى

قاتىل ئالدى بىلەن مۈشۈكنى ناركوز دورىسى بىلەن ھوشسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ، تاپانچا تەپكىسىگە چېگىلگەن تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا بىر پارچە گۆشنى باغلاپ ئېسىپ قويغان . مۈشۈك ھوشىغا كېلىپ گۆش پارچىسىنى چىشلىشى بىلەن تەڭ تەپكە بېسىلىپ ، ئوق ئۈزۈلگەن . بۇ ھال جىنايەتچى كېتىپ بىر سائەتتىن كېيىن يۈز بەرگەن .

## «ئىككى ئوغرى» نىڭ جاۋابى

B ئوغرى ئاۋۋال ئوغرىلىققا كىرگەن .

## دۆلىتىمىز قانۇنىدا مېيىپلارنىڭ بىلىم ئېلىش مەسىلىسى قانداق بەلگىلەنگەن ؟

دۆلىتىمىزنىڭ مېيىپلار كاپالىتى قانۇنىدا دۆلەت مېيىپلارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

دۆلەت مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىدىغان مېيىپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۇلى ئالمايدۇ ھەمدە باشقا پارچە خىراجەتلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىدۇ .

مېيىپلار مائارىپىدا ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ، ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ ، مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋە كەسىپ ـ تېخنىكا مائارىپى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ .

تەلىم ـ تەربىيە شەكلى جەھەتتە ، ئادەتتىكى تەلىم ـ تەربىيە بىلەن ئالاھىدە تەلىم ـ تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش يولى تۇتۇلىدۇ . ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ، تۇرمۇش شارائىتىغا لايىقلىشالايدىغان مېيىپ بالىلارنى ۋە ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىشى شەرت . ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ، تېخنىكوملار ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر ئىمتىھان بېرىپ دۆلەت بەلگىلىگەن قوبۇل قىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىشى شەرت . قوبۇل قىلمىسا ، مېيىپلار ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئالاقىدار تارماقلاردىن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ . بالىلار مائارىپى ئاپپاراتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا لايىقلىشالايدىغان مېيىپ بالىلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك . ئادەتتىكى مائارىپ بويىچە بىلىم ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان مېيىپلارنى ئالاھىدە تەلىم ـ تەربىيە ئاپپاراتلىرى ئوقۇتىدۇ .

## ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلەرنى ئوقۇتماسلىق قانۇنغا ئۇيغۇنمۇ ؟

بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇشقا بەرمەيدۇ ، يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار بولسا پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشتىن توختىتىپ ، ئائىلىدە «سودا ـ سېتىق» قىلىشنى ئۆگىنىشكە سالىدۇ ، بۇلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتۇر .

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ، بىلىم ئېلىش ھەم پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ، ھەم پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بەلگىلەنگەن . دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىدىمۇ ، دۆلەت ، جەمئىيەت ، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت بويىچە تەلىم ئېلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ، دەپ بەلگىلەنگەن .

ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتمىسا ھەم پەرزەنتلىرىنى بىلىم ئېلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ ، ھەم دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ . يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇنداق قىلغان ئاتا ـ ئانىلارغا تەنقىت ، تەربىيە بەرگەندىن باشقا ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ، ئۇلارنى پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە بۇيرۇسىمۇ بولىدۇ .

**قادىر رەتلىگەن**

# دۆلىتىمىزدە تېلېفون ئابونتلىرى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ

مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ، دۆلىتىمىزدىكى مۇقىم تېلېفون ئابونتلىرى 210 مىليونغا يەتكەن ، كۆچمە تېلېفون ئابونتلىرىمۇ 180 مىليونغا يەتكەن . بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا ، دۆلىتىمىزدىكى تېلېفون ئابونتلىرى ئومۇمىي سانى 390 مىليون كىشىگە يېتىپ ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتكەن .

«خەلق گېزىتى» دىن

## بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر دىپلومى بىلەن دوختۇر بولسا بولمايدۇ

«مائارىپ مىنىستىرلىكى بىلەن سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي تېبىبىي ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ، يىراقتىن ئوقۇتۇش ، ئوقۇش تارىخى ، دىپلوم ، ئىمتىھان سىناق قىلىنىدىغان مەكتەپلەر باشقۇرغان ئوقۇتۇش شەكلى (ئورگان) بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ تېبابەتچىلىك تۈرىدىكى ئوقۇش تارىخى مائارىپ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن رويخەتكە ئالدۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوختۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرغان ئوقۇش تارىخىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ ھەم دوختۇر بولسا بولمايدۇ .

«ئۈچۈر ۋاقت گېزىتى» دىن

## دۆلىتىمىزدە مۇزسىمان زەھەر جىنايەتلىرى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى

2000 ـ يىلدىن بۇيان ، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشى بىلەن دۆلىتىمىزدە مۇزسىمان زەھەرنى ياساش ، سېتىش دېلولىرى ، مۇزسىمان زەھەرنى قولغا چۈشۈرۈش سانى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى . ج خ مىنىستىرلىكى زەھەر چەكلەش ئىدارىسى نېرۋا دورىلىرى جىنايەت دېلولىرىنى رازۋېدكا قىلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لەن ۋېيخۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا ، بۇ دۆلىتىمىزدىكى زەھەر چەكلەش تارماقلىرىنىڭ فېنىل ئالانىن تۈرىدىكى زەھەرلەرنى ياساش ، سېتىش جىنايەتلىرىنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

«قانۇنچىلىق تەرمىلەر گېزىتى» دىن



تېمىسىز

## جەننەت ئىشىكى ئالدىدىكى سوراق

ئوقۇتقۇچى ، ئوغرى ، ئادۋوكات ئۇ دۇنيادا بىرلىكتە جەننەتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ . جەننەتنىڭ ئىشىك ئالدى بەك قىستا ـ قىستاڭ بولغاچقا ، ئىشىككە قارايدىغان مۆئەككەل پەرىشتە بىر ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ : جەننەتكە كىرمەكچى بولغانلار چوقۇم ئاغزاكى ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك ، دەپ بېكىتىپتۇ .

بىرىنچى نۆۋەت ئوقۇتقۇچىدىن سوئال سورىلىپتۇ :

— مۇز تاققا سوقۇلۇپ چۆكۈپ كەتكەن ھېلىقى داڭلىق پاراخوتنىڭ نامى نېمە ؟

— تېتانىك ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇتقۇچى . پەرىشتە بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنى كىرگۈزۈۋېتىپتۇ . نۆۋەت ئوغرىغا كەپتۇ :

— شۇ قېتىملىق پاجىئەدە جەمئىي نەچچە ئادەم جېنىدىن ئايرىلغان ؟

ئوغرى «نېمىدىگەن تەس سوئال بۇ ! ھېلىمۇ ياخشى ئۆلۈشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بۇ كىنونى كۆرۈۋېتىكەنمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ :

— جەمئىي 1500 دەك ئادەم ئۆلگەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . پەرىشتە ئۇنىمۇ كىرگۈزۈۋېتىپتۇ . ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەت ئادۋوكاتقا كەپتۇ . پەرىشتە ئۇنىڭدىن :

— ئەمدى سىز دەپ بېقىڭ ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ 1500 ئادەمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى نېمە ؟

## كۆڭۈل تەڭپۇڭلۇقى

چاچلىرى ئۇزۇن بىر خانىم ساتىراشخانىغا كېلىپ ، ساتىراش ئۇستامدىن ئۇزىنىڭ چېچىنى ئەر كىشىنىڭكىدەك ياساپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ .

— نېمىشقىلىقىنى سوراپ باقسام بولامدۇ ؟ — دەپتۇ ساتىراش ئۇستام .

— چۈنكى ئېرىمنىڭ چېچى مۇرىسىدىن ئېشىپ كەتتى . مەن ئۆيىمىزدە بىر ئەر زاتنىڭ بولماسلىقىغا زادىلا يول قويالمايمەن .


تېمىسىز







ھۆسنخەتنى جېلىل سەيدىن يازغان








«ئامانلىق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز!
پولات ئابدۇكېرىم غوجا فوتوسى
CN65－1180/D－W
باھاسى: 4.00 يۈەن